مەملىكەتلىك قەدىرلىك ژۇرناللار جەمئىيىتى مەملىكەت بويىچە 100 قىرائەتخانىغا كۆرسىتىپ بەرگەن ژۇرنال

● گۇمانلىق دېلونىڭ پاش قىلىنىشى

★ «ساقچى» تونىغا ئورالغان ئالۋاستى

◆ ئاۋمىن قارا گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ باشلىقىنى تۇتۇش



# ئامانلىق

3

2000

CN65 - 1009/D - W
ISSN 1009-1844
03>
9 771008 184009

# قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئەۋزەل شارائىت يارىتىش



باش تەپتىش: خې ۋېنشۈ



پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى: جاڭ دېيەنجۈن

ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى، ئالي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا كوللېكتىپ 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن پىچان ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان پىچان ناھىيىلىك پارتكوم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە قانۇننى توغرا، ئادىل ئىجرا قىلىپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە دېلو بېجىرىپ، «خەلق رازى بولغان تەپتىش مەھكىمىسى، خەلق رازى بولغان تەپتىش كادىر - ساقچىلىرى» دىن بولۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. قوشۇننىڭ ساپا قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ۋەزىپە ئېغىر، ئادەم ئاز، خىراجەت يېتىشمەسلىك ئەھۋالىدىمۇ تۈرلۈك دېلولارنى پاش قىلىشتا گەۋدىلىك تۆھپە قوشۇپ تۇرپان ۋىلايەتلىك تەپتىش سىستېمىسى بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا، خىيانەتچىلىككە، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، ھەق تەلەپ قاتارلىق تۈرلۈك دېلولارنى رازۋېدكا قىلىش، دېلو تۇرغۇزۇش نىسبىتى جەھەتتە ناھىيە دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى.

بۇ مەھكىمە 1996 - يىل 3 ئايدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1999 - يىل 6 - ئايدا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇش تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن غەلىبىلىك ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ئىككىدە يەسلىشىش» پائالىيىتىدىمۇ ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ، پىچان ناھىيىسى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار ئورۇن، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بولۇپ باھالىنىپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، تۇرپان - قۇمۇل يېڭىلىقىنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.









پىچان ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى خىيانەتچىلىككە، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش سۈرەتلەر كۆرگەزمىسىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مۇھەممەد يۈسۈپ پىچان ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.



ئەتىگەنلىك گىمناستىكا.

مەھكىمە رەھبەرلىكى خىزمەتلەرنى مۇھاكىمە قىلماقتا.

خىيانەتچىلىككە، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش كادىر - ساقچىلىرى خىزمەتلەرنى مۇھاكىمە قىلماقتا.

ئاتلىنىشقا بۇيرۇق كۈتمەكتە.

## زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىشنى تۈزەش نەتىجىسى

ئالتۇن كۈزپەسلىگە كىرگەن چېغرا شەھىرىمىزنىڭ ھاۋاسى كىشىگە ھوزۇر بېغىشلاپ، شېرىن -شەربەت مېۋىلەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇدۇ. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جاۋچىڭ شەھىرىدىن كەلگەن مەلۇم ئوقۇتقۇچىلار ساياھەت ئۆمىكى پويىزدىن چۈشۈپ ئۈرۈمچىنىڭ تۇپرىقىغا ئەمدىلا قەدەم قويۇشىغا، ئۇزلىرىنىڭ قاباھەتلىك چۈش كۆرگەندەك ۋەھىمىلىك كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كۆچۈرىدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ يولۇچى تالىشىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، ئۇلار يولۇچى تالىشىدىغان بىرتوپ كىشىلەرنىڭ قوپال مۇئامىلىسى، ئەدەبسىزلىك ۋە ھاقارەتلىرىگە ئۇچرىدى. ئۇلار بۇ مەركىزىي شەھەرنىڭ مەدەنىيەتسىز قىلمىشلىرىغا چىدالماي بۇ خىل ناچار ھادىسىنى تۈپتىن تۈزەپ رەتكە سېلىشنى ئىلتىجا قىلىپ شەھەر باشلىقى يولداش نۇر بەكرىگە خەت يازدى. شۇنىڭ بىلەن قاتناش ترانسپورت بازارلىرىنى تۈزەش، رەتكە سېلىشتەك بىر مەيدان ھەرىكەت باشلاندى.

## مەجنۇن قىزنىڭ شېرىن چۈشى بەربات بولدى

ئۇ بىر ئۇستا ئاشپەز ئىدى، ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيگەن قىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئىز قالدۇرماي قانۇننىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ ئويلىغانىدى. ئاشپەزلىك ئەسلىدىمۇ يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان ھۈنەر ئىدى، ئۇ ئۇستىلىق بىلەن قورۇما قورۇپ داڭق چىقارغان بولسىمۇ، ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ كىشىنى چۆچۈتكىدەك «قورۇما» قورۇشتەك ئۇستىلىقى پاراسەتلىك كادىر -ساقچىلار تەرىپىدىن چېنىپ قالدى.

## ساقچى تونىغا ئورالغان ئالۋاستى

1999 -يىل 10 -ئاينىڭ 18 -كۈنى، ئۆزىنى ساقچى دەۋالغان ئەبلەخلەر بىر قىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىمىز دەپ ئالداپ ماشىنىغا سېلىپ، قىزنىڭ يېلىنىش يالۋۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلماي قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلغان، دېلونى تاپشۇرۇۋالغان كادىر- ساقچىلار ساقچى تونىغا ئورۇنۇۋالغان بۇ ئالۋاستىلارنى ئىز قوغلاپ رازۋېدكا قىلىپ قانۇن تورىغا چۈشۈردى.

# ئامانلىق


2000 ـ يىل 3 ـ سان

( ئومۇمىي 39 ـ سان)

باشقۇرغۇچى ئورۇن: ج ك پ ش ئۇ ئا ر سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى ، ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى

مەسلىھەتچىلەر: ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ بارلىق ھەيئەتلىرى

پەخرى مۇدىر: جۇ شېڭتاۋ

ئالىي مەسلىھەتچى: ئىسمايىل تىلىۋالدى، جاڭ شيۇمىڭ، لى فېڭزى ، شەن يۇشىڭ

مۇدىر: سۇڭ جىيى

مۇئاۋىن مۇدىر: دۇشىنفۇ ، چۇيۇەنلياڭ ، جياۋ مىڭچى ، ليۇ گۇاڭزۇ، ۋەن زۇڭلىن بوشياۋ، خو شياۋ چېن

ھەيئەتلەر:

ۋەن زۇڭلىن ۋاڭ بېيتىڭ، ھەدەن توختى، ليۇ گۇاڭزۇ ، سۇڭ جىيى، چېن بەيجۇڭ ، شاۋ سۇۋېن ، ۋۇجەيەنگو ، خوشياۋ چېن ، دۇشىنفۇ ، جياۋ مىڭچى ، جىڭ جيەنجۇڭ ، چۇيۇەنلياڭ ، سەي يۇجى ، بوشياۋ


## تەۋسىيىلىك قۇرلار


.................... ....................................(1)


## تىپىك دېلو


ئاقسۇدا زوراۋان تېررورچىلار گۇرۇھىنىڭ تارمار قىلىنىشى ............................... سۇشىن (4)


## دېلو دەھلىزى


گۇمانلىق دېلونىڭ پاش قىلىنىشى................................ ۋاڭ جى، ليۇ ۋېن، جى چيۇ خۇەي (10)

تۇندىكى جىنايەت................................................ ۋېي خۇڭلىڭ(18)

«ساقچى» تونىغا ئورالغان ئالۋاستى ............................................ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم(20)

كومېدىيىلىك ئويۇن ئوينىغان «ساقچى»نىڭ دامىغا چۈشكەن «خېنىم»......................لى يۇنخۇي (25)


## خالتا كوچىدا


مەجنۇن قىزنىڭ شېرىن چۈشى بەربات بولدى ............................................ خۇۋېيبىڭ (29)

زەھەردە تۇنجۇققان «سۆيگۈ».................. شياۋ چيۇ(35)


## يېڭى تېخنىكا


جىنايى ئىشلار رازۋېدكىسىدىكى پەن ـ تېخنىكىنىڭ كارامەتلىرى............................ (38)


## ئىقتىساد ۋە قانۇن


چەت ئەلگە چېتىلغان ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىدىن كېلىپ چىققان پاجىئە .............. تاڭ شياڭنىڭ (42)

# بوستان

## ئىنكاس ۋە تەدبىر

زورلۇق بىلەن بولۇچى تالىشىشنى تۈزەش نىمىشقا تەس ......................
.................... ياڭ شۇشەن يۈڭ شياڭشىڭ شى لىنشىن ياڭ ئەيگو (47)

## مۇلاھىزە

خەلق ساقچى مەكتەپلىرى ئەخلاقىي تەربىيىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ لا-
ياقەتلىك خەلق ساقچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى لازىم
................................................ مەرۋايىت شاھىدىن (52)

## نەزەر

ئاۋمېن قارا گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ باشلىقىنى تۇتۇش ....... ئالى (53)

## دوستلۇق ئالبومى

(60).........................................................

## سىرلىق قۇلۇپ

ئالداش بايرىمىدا ئالدىنىش.......................(61)

## تەرمىلەر

(62).........................................................

## ئەپەندى كۇلۇبى

(63).........................................................

## كۆڭۈل ئارزۇسى

(64).........................................................

باش مۇھەررىر: دۇشىنفۇ
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: سەي يۇجى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ئابلىمىت سادىق
تەكلىپلىك مۇھەررىر:
قادىر ئىبراھىم
تەھرىربۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرى:
ئەخمەت راخمان
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:
ئۆمەرجان قاسىم
بەت تۈزىگۈچى :
رەيھانگۈل خالىق
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇ-
چى:
«ئامانلىق» ژۇرنىلى تەھرى-
راتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
CN65- 1009/ DW
ISSN 1008- 1844
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:
85 _ 147
ئېلانغا روخسەت قىلىش
كىنىشكا نومۇرى: 00535177
باسقۇچى: ئەدلىيە باسمازا-
ۋۇتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى
ساغلاملىق يولى 2 _ قورۇ
تېلېفون: 2391385
پوچتا نومۇرى: 830003
باھاسى: 4.00 يۈەن
(بۇسان 30 _يانۋار نەشردىن
چىقتى)
مۇقاۋىدىكى سۈرەتنى
ئىسمايىل ئىبراھىم تارتقان



# ئاقسۇدا زوراۋان تېررورچىلار گۇرۇھىنىڭ تارمار قىلىنىشى

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

## ئالتىنچى باب كۆسەندىكى قايغۇ ھەسرەتلىك كېچە

1996 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كۈچا ناھىيە-سى ئالاقاغا يېزىسىنىڭ قۇناس 2 - كەنتى ئايەم شادلىقىغا چۆمگەنىدى. زامانغا لايىق مودا كىيىملەر ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي لىباسلار بىلەن ياسانغان ئەر - ئايال، چوڭ - كى-چىكلەر كەنت بازىرىدىكى ناغرا - سۇنايىنىڭ شادىيانە كۈيىگە مەھلىيا بولۇشۇپ كەنتنى ھېيت تەنتەنىسى بىلەن قىزىتىۋەتكەنىدى.

ھالبۇكى، ئايەم تەنتەنىسىگە قانلىق جىنايەت يوشۇ-رۇنغانىدى.

سەھەر سائەت 5 لەردە، قورال‌لانغان بىر نەچچە زوراۋان تېررورچىلار تۈن قاراڭغۇسىدا تىمىسقىلاپ، پارتلىتىش قوزغىلىشىنى ئېلىپ قۇناس 2 - كەنتىنىڭ 7 - مەھەل-لىسىدىكى قاۋۇل توقا (ئەر، ئۇيغۇر، 73 ياش، ئىلگىرى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئىدى) نىڭ ئۆگزىسىگە يامىشىپ چىقىپ، ئۆينىڭ ئالدى - كەينى دېرىزىسىدىن بىردىن بومبا تاشلىدى. شىمال تەرەپتىكى ئۆيدە ئۇخلا-ۋاتقان قاۋۇل توقا بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى قارىيەم نەق

مەيداندىلا پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈلدى. جەنۇب تەرەپتىكى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان قاۋۇل توقىنىڭ ئىككى نەۋرىسى بەختكە يارىشا ئامان قالدى.

قانلىق جىنايەت تۈن پەردىسىنىڭ ھامىيلىقىدا ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. سائەت 6 لەردە بۇ زوراۋانلار قاۋۇل توقىنىڭ ئوغلى ئەنۋەر قاۋۇلنىڭ ئۆيىگە قوراللىق باستۇرۇپ كىرىپ ئەنۋەر قاۋۇل (28 ياش، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالاقاغا يېزا قۇناس كەنتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى) ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى رەيھانەم مەمەتنى ئېتىۋەتتى.

قانلىق جىنايەت تۈن پەردىسى ئىچىدە داۋاملىشىۋاتقانىدى. سائەت 7 لەردە بىر توپ تېررورچىلار تامدىن ئارتى-لىپ قاۋۇل توقىنىڭ ئىنىسى ھاۋۇل توقا (68 ياش، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى) نىڭ ئۆ-يىگە كىرىپ ئۇنى خوتۇنى تۇنساخان غوپۇر (63 ياش، كوم-پارتىيە ئەزاسى، پىلانلىق تۇغۇت كادىرى) بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

قانلىق جىنايەت سۈبھى يېتىپ كەلگىچە ئېلىپ بې-رىلدى. سائەت 7 دىن 30 مىنۇت ئۆتەرىپىدا بۇ بىر توپ زورا-ۋانلار قۇناس 2 - كەنت 2 - مەھەللىسىگە كىرىپ كەلدى ۋە جارۇپ مەھەممەتئىمىننىڭ ئۆيىگە كىلىپ جارۇپ مەھەممەتئىمىن (57 ياش، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىي-ىنىڭ ۋەكىلى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى) نى ھويلىغا سۆرەپ چىقىپ قاسساپ



پىچىقى بىلەن بېشىغا، سول مۈرىسىگە، سول كۆكرىكىنىڭ سەل يۇقىرىسىغا ئارقا ـ ئارقىدىن بەتتە پىچاق سالدى ھەمدە كىچىك كالىبىرلىق مىلتىق بىلەن مېڭىسىگە ئىككى پاي ئوق ئاتتى. زورلۇانلار شۇنىڭدىن كېيىن قۇيرۇقىنى خادا قىلدى.

بۇ زورلۇانلار تۇن پەردىسى ئاستىدا بىر مەھەل قوتۇرغىنى بىلەن تاڭنىڭ يېتىپ كېلىشىنى توسۇپ قالالمىدى، چۈنكى ئۇلار شۇ تاپتا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز ئىدى.

ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى «10 ـ فېۋرال» مەخسۇس دېلوسى قوماندانلىق شتابىنىڭ «29 ـ ئاپرېل» دېلوسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال نازارەت پارتكومى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا مۇئاۋىن نازىر L نىڭ بىر نەچچە باشقارما باشلىقى ۋە تېخنىك خادىملارنى باشلاپ كۇچا ناھىيىسىگە بېرىپ دېلو پاش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش؛ مۇئاۋىن نازىر M دەرھال سوراق قىلىش خادىملىرىنى تەشكىللەپ سولاقخانىغا بېرىپ قاماقتا ياتقان ئالاقىدار جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىش؛ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ج خ ئورگانلىرىغا مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئۇقتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىل كۈچلەرنى تەشكىللەپ تېزدىن دېلو پاش قىلىشقا كىرىشىش قارار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دوكلاتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن دەرھال، كۇچادىكى «29 ـ ئاپرېل» پارتلىتىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى زوراۋان تېررورچىلارنىڭ يېڭىچە جىنايەت سادىر قىلىش يۈنىلىشى، شۇڭا ج خ ئورگانلىرى خىل كۈچلەرنى تەشكىللەپ، ئەترەپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، بارلىق ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ تېزدىن دېلونى پاش قىلىپ، بۇ ۋەقەنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىشى كېرەك، دەپ يوليورۇق بەردى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىدىن تەشكىللەنگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى كۇچا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ دېلو يۈز بەرگەن جايدا چارلاپ دەلىللەش، تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىش، ئىنىقلاش خىزمىتىگە جىددىي كىرىشىپ كەتتى. ۋىلايەتتىكى باشقا ناھىيىلىك، شەھەرلىك ج خ تارماقلىرىدىكى ساقچىلار ھەر قايسى مۇھىم قاتناش لىنىيىلىرى، يول ئېغىزلىرىدا سەگەكلىك بىلەن ئىشلەشكە كىرىشتى.

مۇئاۋىن نازىر M ج خ نازارىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدىكى ساقچىلارغا باشچىلىق قىلىپ كېچىلەپ سوراق قىلىش ئارقىلىق 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تاڭ بىلەن تەڭ مۇئاۋىن نازىر L غا دېلوغا چېتىشلىق مۇھىم گۇماندارلارنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇردى.

ئۈرۈمچىدىن كۇچاغىچە بولغان 750 كىلومېتىر يول مۇئاۋىن نازىر L باشچىلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۈچۈن 9 سائەتلىكلا يول بولدى، ئۇلار 9 سائەتتە كۇچاغا يېتىپ كەلگەنىدى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەچتە، كۇچا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مەجلىسخانىسىدا چىراغلار كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى. ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى بىلەن كۇچا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ج خ نازارىتىدىن كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە «29 ـ ئاپرېل» دېلوسىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

مۇئاۋىن نازىر L تونۇشتۇرۇلغان ئەھۋال ۋە دوكلاتنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەزكۇر دېلو زوراۋان تېررورچىلارنىڭ ئونسۇ، توقسۇ ۋە شاياردىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىدە «10 ـ فېۋرال»، «22 ـ مارت»، «24 ـ مارت» ۋە «27 ـ مارت» زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسىنى سادىر قىلىشىنىڭ داۋامى ھەمدە بىر ئوچۇم دۈشمەن كۈچلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشىدىكى يېڭى يۈزلىنىش بولۇپ، ساقچىلىرىمىزنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە قىلىنغان ئىسيانىي خىرىستىن ئىبارەت، خالاس، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى.

شۇ ئاخشىمى «29 ـ ئاپرېل» دېلوسى بىرلەشمە قوماندانلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. قوماندانلىق گۇرۇپپىسى «ئومۇمىي گەۋدە بويىچە جەڭ قىلىش ئۇستۇنلۇكىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، توقسۇ، شايار، كۇچا ناھىيىلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ھەرىكەت قوزغىشىمىز كېرەك» دېگەن ئاكتىكىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

ئاختۇرۇش ئەترىتى نەق مەيداننى زىيارەت قىلىش ئەترىتى ئېرىشكەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن چىمەن يېزىسىدا يەر ئاستى قارىخانا ۋە جانبازلىق ئۇۋۇسىدىن ئىككىنى تېپىپ، دېلوغا چېتىشلىق ئىككى ئۆي ئىگىسىنى قولغا چۈشۈردى. سوراق قىلىش ئەترىتى ئا × نى ئۇشتۇمتۇت سوراق قىلغان چاغدا ئا × ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى، خروئىن چەككەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە بەنە ئاشۇ يەر ئاستى قارىخانىغا بېرىپ جانبازلىقنى مەشىق قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە، «29 ـ ئاپرېل» دېلوسىنىڭ مۇھىم ئەھۋالىنى، يەنى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەردە خ × نىڭ سەككىز ئادەمنى باشلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بەدەنلىرىگە پارتلاتقۇچ تېڭىۋالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئالاقىغا بېرىشتىكى كادىرلارنى ئۆچۈقتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى، شۇ تاپتا قاچىدىغان جاي تاپالماي ئۇنىڭ ئۆيىگە باناھ تارتىپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپ قويغانلىق باھانىسى بىلەن ئۇلارنى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى، بۇ كىشىلەرنىڭ كېتىدىغان چاغدا ئۆزىگە پوپوزا قىلىپ، خائىنلىق قىلسا ئۆزىنى ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسى ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا ساقچىلار بىلەن بىراقلا پارتلاپ ئۆلۈشكە تەييارلىنىشقانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى، ئۇلار كېتىپ تۇرۇشىغىلا ئاختۇرۇش ئەت-



رىتىمىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

قوماندانلىق گۇرۇپپىسى ھەر قايسى ئەترەتلەرنىڭ يوللىغان مەلۇماتىغا ئاساسەن، بۇ تېرورچىلارنىڭ دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىن تېخىچە كۇچا، توقسۇ، شاياردىن چىقىپ كەتمىگەنلىكىنى تەھلىل قىلدى ھەم بۇ ئۈچ ناھىيىدە بىر تۇتاش ئېنىقلاش ئېلىپ بېرىپ قورشاپ تۇتۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

## يەتتىنچى باب. تور يىغىلدى

كەچ كىرىشى بىلەنلا زېمىن تۈن قوينىغا يوشۇرۇندى. تۈن بورىنى دەل – دەرەخلەرگە ئارام بەرمەيتتى، بۇ ھال كىشىگە بوران بىلەن تەڭ زېمىن تەۋرىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

مۇئاۋىن نازىر L مەخسۇس دېلو بىرلەشمە قوماندانلىق شتابىدىكى بىر نەچچە رەھبەر بىلەن بىللە كۇچا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مەجلىسخانىسىدا بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقماقتا ئىدى.

5 – ئاينىڭ 2 – كۈنى سائەت 24 دە ئۈچ ناھىيىدىكى ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر – جەڭچىلىرى، خەلق ئەسكەرلىرى، بىرلەشمە مۇداپىئە خادىملىرى مەخسۇس دېلو قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن دەل ۋاقتىدا ھەرىكەتكە كەلدى.

ئېنىقلاش، ئاختۇرۇش خىزمىتى جىددىي، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى.

تۈن مەۋجۇداتلارنى ئۇيقۇغا غەرق قىلسا، شامال مەۋجۇداتلارنى ئويغىتىشقا تىرىشقاندەك شىلدىرلايتتى. كۇچا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ بېھەشباغ يېزىلىق ساقچىخانا باشلىقى Y بىر ساقچى، ئىككى ئامانلىق خادىمى ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىر كاتىپى بىلەن بىرلىكتە يېزىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل ئىدى. يېرىم كېچە سائەت 2 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ساقچىخانا باشلىقى Y يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ «212» تىپلىق جىپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ چىمەن يېزىسىغا كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز «گۈم» قىلغان قاتتىق ئاۋازدىن يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا بىر شۇملۇقتىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى – دە، ماينى بولۇشىغا دەسسەپ جىپنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى. جىپ ئۆلكە يولىنىڭ 2947 – لىنىيىسى 13 – كىلومېتىرلىق جايغا كەلگەندە، ئۇ تاشيولدا چېچىلىپ ياتقان جەسەت پارچىسىنى بايقىدى ھەم ئۆزى بىلەن بىللە كېلىۋاتقان بەش سەپدىشى بىلەن بىرلىكتە ماشىنىدىن چۈشۈپ ئەتراپنى كۆزەتتى. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپلا قان ھىدىنى پۇراپ قالغانىدى. ئۇلار ئالدىغا قاراپ يىگىرمە قەدەمچە مېڭىشىغا «پاڭ – پۇڭ» قىلىپ يول قاسنىقى تەرەپتىن ئۇلارغا ئۈچ پاي ئوق ئېتىلدى. ساقچىخانا باشلىقى Y بىردىنلا ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ تېزدىن ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان بەش سەپدىشىغا «يېتىۋېلىڭلار!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇنىڭ گېپى تۈگە تۈگىمەيلا يەنە بىر نەچچە پاي ئوق ئۇنىڭ باش، قۇلاقلىرىنى سۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ساقچىخانا باشلىقى Y يولدا يېتىۋېلىپ، غۇۋا ئايدىڭدا ئەتراپتىكى مۇھىتنى كۆزەتتى: تاشيولنىڭ كۈن چىقىش تەرىپى يول يۈزى بىلەن تەڭ دېگۈدەك زەيكەش، جەنۇب تەرەپكە 200 مېتىرچە كېلىدىغان جايدا بىر سېمونت كۆۋرۈك بار ئىدى. كۈنپېتىش تەرەپ بولسا چەكسىز كەتكەن يۇلغۇنلۇق ۋە جىگدىلىك بولۇپ، يەر شارائىتى مۇرەككەپ، دۈشمەن ئەھۋالى نائېنىق ئىدى. بىز تەرەپنىڭ ئاران 6 ئادىمىلا بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت ساقچىخانا باشلىقى Y دىلا «64» تىپلىق تاپانچا بار ئىدى. Y ئىلگىرى قىسىمدا رازۋېدكا لېيتېنانتى بولغان، ھەربىيدىن ئالمىشىپ ج خ تارمىقىغا كەلگەن، بىر قېتىم دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشتا ئەقىل – پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكىنى ئۈچۈن شەرەپ بىلەن 3 – دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىنغان. شۇ تاپتا دۇچ كەلگەن ئەھۋال ئالدىدا ئۇنىڭ مېڭىسى چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. بىردىنلا قىسىمدا ئۆگەنگەن «كۆز بوياش» تاكتىكىسى ئېسىگە كېلىپ قالدى – دە، چەبدەسلىك بىلەن يەر بېغىرلاپ جىپنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىپ تاپانچىسىنى پۇلاڭلاتقىنىچە:

– T، دەرھال 1 – ئەترەتنى باشلاپ بېرىپ كۆۋرۈكنى قامال قىل! P، سەن 2 – ئەترەتنى باشلاپ يۇلغۇنلۇق بىلەن جىگدىلىكنى قورشا! E، سەن 3 – ئەترەتنى باشلاپ بولىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ زەيكەش تەرەپكە ئۆت! 4 – ئەترەت دەرھال شىمالغا ماڭىدىغان تاشيولنى قامال قىلىڭلار! – دەپ ۋارقىرىدى. ئارىدىن ئىككى مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە:

– ھەر قايسى ئەترەت، دىققەت! پىلىموت، مىلتى-



قىڭلار بىلەن ئالدى تەرەپنى قارىغا ئېلىپ ئېتىڭلار! ـدەپ ۋارقىرىدى.

«پاڭ ـ پۇڭ!». ساقچىخانا باشلىقى Y نىڭ بارى ـيوق سەككىز پاي ئوقى تۈگەپ قالدى. ئۇ ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا يولنىڭ چېتىگە مۆكۈنۈپ ياتقانلارنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپىي سەزگۈرلۈكى بىلەن ئۇلارنى چوقۇم «29 ـ ئاپرېل» دېلوسىنى سادىر قىلغان زوراۋانلار، دەپ ھۆكۈم قىلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسى تولىمۇ سەگەك ئىدى. ئۇ بايىقىغا ئوخشاش يەنە بىر «ئازدۇرۇش» تۇزىقى قۇردى ـ دە:

ـ ئاتماڭلار، تىرىك تۇتۇڭلار، بىرىنىمۇ قاچۇرۇپ قويماڭلار! ـ دەپ ۋارقىرىغىنىچە بەش سەپدىشىنى ئېلىپ دەرھال ساقچىخانىغا قايتىپ ج خ ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلماقچى بولدى، ئەمما تېلېفون ئۇلانمىدى. ئۇ ئەھۋالنى يېزىنىڭ باشلىقى بىلەن شۇجىسىغا دوكلات قىلدى. يېزا باشلىقى بىلەن شۇجى دەرھال موتسىكلىت بىلەن ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىغا ئاتلاندى ...

ساقچىخانا باشلىقى Y ئاختۇرۇپ تۇتۇش گۇرۇپپىسىدىن ئىككى ئەزىمەتنى ئېلىپ جەمئىي سەككىز كىشى دەرھال نەق مەيدانغا باردى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ «ئازدۇرۇش» تۇزىقىنى قۇرۇپ، سەپداشلىرىنى قانات شەكلىدە تارقاقلاشتۇرۇپ قورشاش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈردى ـ دە، تاشلارنى تېرىۋېلىپ قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كېلىپ، بىر تەرەپتىن تاش ئاتقاچ، يەنە بىر تەرەپتىن:

ـ قورال تاپشۇرغانلارنى ئۆلتۈرمەيمىز... ـ دەپ ۋارقىرىدى.

تۇيۇقسىز يولنىڭ چېتىدىن «گۈم» قىلغان غايەت زور پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ زېمىن سىلكىندى، ساقچىخانا باشلىقى Y قاتارلىق سەككىز ئەزىمەتنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن قويۇن كەبى توپا دولقۇنى پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى غۇڭۇلداپ، باشلىرى قېيىپ كەتتى. ساقچىخانا باشلىقى ئۇستىنى بېشىنى سىلكىۋېتىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈردى ھەم دۈشمەننىڭ تېخىچە قېچىپ كەتمىگەنلىكىنى ھەمدە جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ دۈشمەنلەرنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن داۋاملىق قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇندى.

سەھەر سائەت 4 لەردە تاشيولنىڭ شىمال تەرىپىدىن ساقچى ماشىنىسىنىڭ چىرىغى كۆرۈنۈپ، ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى K قوشۇن باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئىدارە باشلىقى K نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپلا قوماندانلىق شتابىغا: «چىمەن يېزىسى بىلەن بېھىشباغ يېزىسىنىڭ ئۇتاشقان يېرىدە قاتتىق پارتلاش يۈز بېرىپ جەڭ باشلىنىپ كەتتى» دەپ دوكلات قىلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى.

قوماندانلىق شتابىدا تۇرۇۋاتقان مۇئاۋىن نازىر L تېزلىكتە تولۇق قوراللانغان كۈچنى باشلاپ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. ئىدارە باشلىقى K يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قوراللىق زوراۋانلارنى يولنىڭ چېتىدىكى دەرەخلىككە ئوت كۈچى ئارقىلىق قىستاپ ئاپىرىپ باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتتى. مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى Z بۇ چاغدا ياردەمچى قىسىمنى باشلاپ نەق مەيدانغا كېلىپ K بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار ئاللىقاچان زوراۋانلارنى قورشاپ بولغانىدى.

ۋن قاراڭغۇسى بولغاچقا دۈشمەن ئەھۋالىنى ئېنىقلاش تەس ئىدى، شۇڭا نەق مەيداننىڭ ئەھۋالى يەنىلا جىددىي ھەم خەتەرلىك ئىدى. بۇ چاغدا مەخسۇس دېلو خادىملىرىدىن بىرنەچچەيلەن يول قاسنىقىدىكى دەرەخلىككە كىرىپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار قول چىرىغىنىڭ ياردىمىدە يولنىڭ چېتىدە 4 ئادەمنىڭ ياتقىنىنى كۆردى، ئۇلاردىن بىرى ئاللىقاچان تىنىقتىن توختىغانىدى. يەنە ئۈچ زوراۋان مەيدىسىگە پارتلاتقۇچ ئېڭىۋالغان بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى ئېگىز بويى كەلگىنى مۆرىسىگە تاپانچا قىپىنى بوينىغا ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان سۇدان ئېسىۋالغان، سۇداننىڭ ئاغزىدىن پارتلاتقۇچنىڭ پىلتىسىنى چىقىرىپ قويغانىدى، ئۇنىڭدا تولۇقچە تاپانچا بار ئىدى. بۇ ئەبلەخ بىزنىڭ چارلاش خادىملىرىمىزغا تىكىلىپ تۇراتتى، ئىككى قولى نېمىلەرنىدۇ سىيلاشتۇراتتى، ئۇرقىدىن پارتلاتقۇچقا ئوت يېقىپ جەڭچىلىرىمىز بىلەن بىراقلا ئۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندەك قىلاتتى. خادىملىرىمىز بۇ ئەھۋالنى بايقاپ ئۇنى قارىغا ئېلىپ ئېتىۋەتتى.

چارلاش خادىملىرى تاشيولغا قايتىپ كەلدى، ساقچىخانا باشلىقى Y بايا بىر زوراۋان ئەبلەخنىڭ ئورمان بەلبېغىدىن ئۆتۈپ كۈن چىقىش تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلىكىنى دوكلات قىلدى. بۇ چاغدا ساقچى ئىتنى قۇلاقلىرىنى دىڭگايتقىنىچە تۈن پەردىسىنى يېرىپ ئېتىلدى. ساقچى ئىتى ئېتىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي غايەت زور پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ساقچى ئىتى پارتلاشتىن ھاسىل بولغان توپا ـ تۈتەك ئىچىدىن ئۇچقاندەك قايتىپ ئىت كۆندۈرگۈچىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىت كۆندۈرگۈچى پارتلاشتىن ھاسىل بولغان توپا ـ تۈتەك يېنىغا كېلىپ زوڭزىيىپ قولىنى بىر پۇلاڭشىتىۋىدى، ئىككى ساقچى ئىتى يەنە ئېتىلىپ باردى، ئەمما يەنە بىر پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ بىر ساقچى ئىتى يارىلان-



دى.
ئىككى قېتىملىق پارتلاشتىن كېيىن نەق مەيدان قو-
ماندانى Z بىلەن K ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قى-
لىپ، نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەن قوراللىق ساقچى قىسىم
ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ نەق مەيداننى قامال قىلىش
دائىرىسىنى كېڭەيتىشىنى قارار قىلىپ، تاشيولنىڭ جە-
نۇبى بىلەن شىمالىدا ماشىنىلارنىڭ قاتنىشىنى مەنئىي
قىلدى. نەق مەيدانغا كىرگەن تۆت ماشىنىنىڭ چىراغلىرى-
نى ياندۇرۇپ، ماشىنىنى كۆن چىقىش تەرەپكە قارىتىپ
قويدى، ماشىنا چىرىغى بىلەن تېررورچىلار يوشۇرۇنغان
جايلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

سەھەر سائەت 5 تىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، نەق مەيدا-
نىڭ مەركىزىي قىسمىدا يەنە بىر زور پارتلاش ئاۋازى ئاڭ-
لاندى، پارتلاش كۈچى ھەقىقەتەن زور ئىدى. ماشىنا يېنىدا
تۇرغان بىر رازۋېدكا خادىمى پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ يې-
قىلدى، پارتلاشتىن ھاسىل بولغا توپا - تۇتەكلەر ئۇنى
ماشىنا بىلەن قوشۇپ كۆمۈۋەتكەن بولسىمۇ، بەختكە يارى-
شا يارىلانمىدى. ئەسلىدە ئازگالغا يوشۇرۇنغان بىر زوراۋان
سۇدانغا قۇراشتۇرۇۋالغان بومبىنى قورشاپ تۇتۇش ئەترىتى-
دىكى ساقچىلارغا نەچچە مېتىرلا كېلىدىغان جايدىكى
ساقچىخانا باشلىقى Y ئولتۇرغان جىپنىڭ ئاستىغا تاشلاپ
ماشىنىنى پارتلىتىۋەتكەنىدى.

سەھەر سائەت 5 تىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، مۇئاۋىن نا-
زىر L باشچىلىقىدىكى ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ
زوراۋانلىققا قارشى ئەترىتى نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى.

سەھەر سائەت 6 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە تاڭ يورۇشقا
باشلىدى. 7 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە مۇئاۋىن باشقارما
باشلىقى Z بىر نەچچە رازۋېدكا خادىمىنى باشلاپ نەق
مەيداننى بىر قۇر چارلاپ چىقىپ، يولنىڭ جېنىدىن ياتقان
ھېلىقى تۆت زوراۋاندىن ئۈچىنىڭ جەسىتىنى بايقىدى، يەنە
بىرى كۆرۈنمەيتتى. دەل شۇ چاغدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ج خ
باشقارمىسىنىڭ بىر شوپۇرى ھاسىراپ - ھۆمىدىگىنىچە
مۇئاۋىن نازىر L نىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر تېرورچىنىڭ ئۇ-
زىنىڭ ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئارقا سانلۇقىغا كىرىۋالغان-
لىقىنى دوكلات قىلدى.

مۇئاۋىن نازىر L ئىككى رازۋېدكا خادىمىنى ئورما-
لىقنى ئايلىنىپ ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈشكە ئەۋەتتى.
ھېلىقى زوراۋان ھەقىقەتەن ماشىنىنىڭ ئارقا سانلۇقىدا ئى-
دى، چارلىغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپ، ئۇ ماشىنا سانلۇقىنىڭ قاپقىقىنى يېپىۋالدى. بۇ
چاغدا مۇئاۋىن نازىر L ئۇنى تىرىك تۇتۇشقا شەخسەن ئۆزى
قوماندانلىق قىلدى.

ئىككى رازۋېدكا خادىمى مۇئاۋىن نازىر L نىڭ كۆر-
سەتمىسى بويىچە ئاشۇ ساقچى ماشىنىسىغا
چىقىۋېلىپ، ئۇنىڭغا سىياسەت سۆزلەپ پسى-
خىك جەھەتتىن ھۇجۇم قىلدى. بۇپسىخىك



ھۇجۇم 40 مىنۇتقا يېقىن داۋاملاشقان بولسىمۇ ئۈنۈمىدىن
قىلچە ئىپادە بولمىدى. مۇئاۋىن نازىر L يەنە رازۋېدكا خا-
دىملىرىغا ئاسمانغا ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش-
نى بۇيرۇغان بولسىمۇ، ئۇ ئەبلەختىن يەنىلا سادا چىقمى-
دى. مۇئاۋىن نازىر يەنە زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش ئەترىتى-
دىكىلەرگە 20 مېتىر ئارىلىقتىن ئىككى ياش ئاققۇزۇش
بومبىسى ئېتىشنى بۇيرۇدى، ئەمما بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆ-
ڭۈلدىكىدەك بولمىدى. ئىككى نەپەر زوراۋانلىققا قارشى
ئەترەت خادىمى يەنە مۇئاۋىن نازىر L نىڭ بۇيرۇقى بويىچە
ماشىنىغا يېقىنلاپ بېرىپ، ياش ئاققۇزۇش بومبىسىنى
ماشىنا شوپۇرىنىڭ يان ئورۇندۇقى يېنىدىكى ئىشىكتىن
تاشلىدى، بومبا يېنىك پارتلاپ گاز ماشىنىنىڭ ئىچىگە
تارقىلىشقا باشلىدى. بىرەر مىنۇتلار ئۆتكەندە زوراۋان-
لىققا قارشى ئەترەتنىڭ ھېلىقى ئىككى خادىمى يەنە بىر
ياش ئاققۇزۇش بومبىسى تاشلاشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، غايەت
زور پارتلاش بىلەن تەڭ تۆمۈر تەسەك ۋە ئەينەك پارچىلىرى نە
نەلەرگە ئۇچۇپ كەتتى، ھېلىقى زوراۋان بەدىنىگە تېڭىۋال-
غان بومبىنى پارتلىتىپ ئۆزىنىمۇ بىراقلا تۈگەشكەنىدى.

سائەت 8 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، نەق مەيداننى تەك-
شۈرۈش باشلاندى. جەسەت تەكشۈرۈش تېخنىكلىرى 500
كۋادرات مېتىر دائىرىگە چېچىلىپ كەتكەن جەسەت پار-
چىلىرىنى رەتلەپ چىققاندىن كېيىن، نەق مەيداندا توققۇز
جەسەتنىڭ بارلىقى بايقالدى. نەق مەيداندىن كىچىك كال-
بىرلىق تولۇقچە تاپانچىدىن ئىككى دانە، «64» تىپلىققا
تەقلىد قىلىپ ياسالغان كىچىك كالىبىرلىق تاپانچىدىن بىر
دانە، 131 تال كىچىك كالىبىرلىق تاپانچا ئوقى، 14 دانە خەن-
جەر، ئىككى پالتا، بىر شەمشەر، پارتلىماي قالغان سۇ-
دانغا قۇراشتۇرۇلغان ئۈچ دانە بومبا يىغىۋېلىندى.

توققۇز جەسەتنى تونۇش ئارقىلىق سەككىز جەسەت
ئېنىقلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ جەسەت دېلو سادىر
قىلغۇچىلارغا چېتىشلىق گۇماندارلارنىڭ ئىسمىلىكىدە بار
كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالاقاغا يېزىسىدىكى بىر
ئاشنى قارىخانا ۋە جانبازلىق ئۆگىنىش ئۆيۈسىنىڭ خادىملى-
رى بولۇپ، چوڭلىرى 27 ياش، كىچىكلىرى 19 ياشتا ئىدى.
بۇ توققۇز جەسەتنىڭ ھەممىسىنىڭ پۇتىدا ئازادلىق ئارمىيە-
نىڭ ئايىغى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ بەدىنىگە سۇدانغا قۇراش-
تۇرۇلغان بومبا تېڭىلغانىدى. ئۇلارنىڭ كېيىنىشى ھەم ئې-
لىۋالغان نەرسە كېرەكلىرىدىن ئۇلارنى تەشكىللىك قوراللان-
غان جىنايەت ئۆتكۈزۈش شايكىلىرى، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا
بولاتتى.

«29 - ئاپرېل»، «2 - ماي» دىكى نەق مەيداندىن
قولغا چۈشكەن ماددىي ئىسپاتلارنى دەلىللەش ئۈچۈن
جىنايى ئىشلار تېخنىك خادىملىرى ساق بىر كۈن
ئالدىراش بولدى ھەم ئاخىرى «29 - ئاپرېل» زوراۋان-
لىق، تېررورلۇق دېلوسىنى 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى
سەھەردە قورشاپ يوقىتىلغان زوراۋان تېرورچىلارنىڭ
سادىر قىلغانلىقى ئېنىقلاندى.

ئەسلىدە، 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەردە بۇ بىر توپ زوراۋانلار ئا ×نىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ ئون مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئاختۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار ئا ×نىڭ ئۆيى ئالدىدىكى يولغا كەلگەندە، رازۋېدكا خادىملىرىنىڭ ئا ×نى ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇشۇپ پېتىراپ كەتكەن ھەم كېچىلەپ ئۈلكە يولى 2947 ـ لىنىيىسىنىڭ 13 ـ كىلومېتىرلىق جايىغا يىگىرمە مېتىر كېلىدىغان يەرگە كەلگەندە ئۆزلىرى ياسىۋالغان بومبا ئېھتىياتسىزلىقتىن پارتلاپ كەتكەنلىكتىن چارلاپ قورشاپ تۇتۇش خادىملىرىمىز تەرىپىدىن بايقىلىپ ئاخىرى مۇشۇنداق شەرمەندە ئاقىۋەتكە قالغانىدى.

5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، كۇچا ناھىيە بازىرىنىڭ كوچىلىرىدا تۈمەنلىگەن ئامما يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا توپلاشقانىدى. رەڭگارەڭ كىيىنگەن، گۈلدەستىلەرنى ئېلىۋالغان قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار جەڭگە قاتناشقان ج خ ساقچىلىرىمىز، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرىمىزنى قارشى ئالماقتا ئىدى. پۈتكۈل كۇچا شادىيانە كەيپىياتقا چۆمگەنىدى.

## خاتىمە

بەر ـ زېمىننى لەرزىگە سالغان دۇمباق ساداسى ئاقسۇ ئاسمىنىدا ياڭرىدى. كىشىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىدا ھەيۋەتلىك سەپ تارتىپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ يىغىن زالىغا كىرىۋاتقان خەلق ساقچىلىرىنى ھەۋەس بىلەن كۆرمەكتە ئىدى.

يىغىن زالىدا مىڭلىغان تەبەسسۇملۇك كۆزلەر ئالدى تەرەپكە شادلىق ئىلكىدە تىكىلمەكتە ئىدى. سائەت دەل 10دا قەھرىمان نەمۇنىچىلار زالغا كىرىپ كەلگەندە، زالدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. ھەيۋەتلىك دۆلەت گىمنى ساداسى ئىچىدە «ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ج خ سىستېمىسىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلارغا نام بېرىش ھەم تۆھپە ياراتقانلارنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى» ئېچىلدى.

ج خ نازارىتى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بو شياۋ ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ج خ ئورگانلىرىنىڭ 10 ـ فېۋرال دېلوسىنى پاش قىلىش مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنى كوللېكتىپ 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق»نى ۋە «ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ج خ ئورگانلىرىنىڭ 29 ـ ئاپرېل دېلوسىنى پاش قىلىش مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنى كوللېكتىپ 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق»نى ھەمدە ج خ مىنىستىرلىقى، ج خ نازارىتىنىڭ 13 يولداشقا شەرەپ بىلەن 2 ـ دەرىجىلىك نەمۇنىچى قەھرىمان، 1 ـ دەرىجىلىك ۋە 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى جاكارلىدى. شىنجاڭ قوراللىق ساقچى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى پارتكومىنىڭ ئەزاسى دا شياۋ شۇ فۇخېي باش شتابنىڭ ليۇ شىنلېي بىلەن ساۋ شىچياڭنى ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ تەستىق جاۋاب ئەۋەتكەنلىكىنى جاكارلىدى. يولداش بو شياۋ ج خ نازارىتى پارتكومىغا ۋاكالىتەن يىغىندا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «1996 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى، ھەتتا سەددىچىنىنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى لەرزىگە سالىدىغان «10 ـ فېۋرال» بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق دېلوسى، «22 ـ مارت»، «24 ـ مارت»، «27 ـ مارت» قاتىللىق بۇلاڭچىلىق دېلوسى، «29 ـ ئاپرېل» پارتلىتىش، قاتىللىق دېلوسى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ج خ ئورگانلىرى چاقماق تېزلىكىدە خىللانغان جەڭچى، قابىل قوماندانلارنى يۆتكەپ مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، دېلو پاش قىلىش خىزمىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى. يەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەت ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ج خ تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كەڭ ئاممىنىڭ پائال قوللىشى ۋە زىچ ماسلىشىشى ئاستىدا مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكى بارلىق يولداشلار بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، ئەتراپلىق رازۋېدكا قىلىپ، ئۇزدا نەچچە ئاي جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق بۇ بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەت دېلولىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پاش قىلدى. جىنايەتچىلەرنى تۇتۇش كۈرىشىدە، جەڭگە قاتناشقان بارلىق ساقچىلار خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، «جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماسلىق»تەك روھنى جارىي قىلدۇرۇپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى، ئىجتىمائىي ئامانلىقى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاسايىشلىق تۇرمۇشىنى قوغداش ئۈچۈن غايەت زور قۇربانلارنى بەردى ۋە گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى!»

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى زال ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈرىۋەتتى.

(تۈگىدى)

تۇرغۇن ئابدۇلئەزىز (ت)





# گۇمانلىق دېلونىڭ پاش قىلىنىشى



ۋاڭ جى، ليۇ ۋېن، جى چيۇخۇەي

*ئىلاۋە: بۇ كىشىنى چۆچۈتىدىغان ھەمدە چې-*
*گىش بىر ۋەقە؛ بۇ ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن پىلان-*
*لانغان جىنايەت؛ بۇ پۈتۈن مەملىكەتتە كەم ئۇچراي-*
*دىغان ئارقا -ئارقىدىن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ*
*سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشتەك*
*پەۋقۇلئاددە چوڭ دېلو؛ بۇ بېيىش غەرىزىدە ئۆ-*
*لۈمنىڭ بېشىغا كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمىگەن ئۇۋالچى-*
*لىققا ئۇچرىغان بىر جۈپ ئەرۋاھ؛ بۇ قانۇن بىلەن*
*ئويناشقان بىر توپ ئەخمەقلەر.*

ئارقا - ئارقىدىن سۇغۇرتىغا قاتناشقان، سۇ-
غۇرتا پۇلى 140 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، غەلىتە ئىشلار
ئارقا ئارقىدىن يۈز بېرىپ، كۆپلىگەن سىرلىق ۋەقە-
لەر كېلىپ چىققان.

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا سۇغۇرتا تەدرىجىي
ھالدا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ مۇھىم
كاپالىتى بولۇپ قالدى. چوڭقۇر ئورمان، كان، ئېگىز
بىنا، ئايروپىلان ، پاراخوت، راكېتا سۈنئىي ھەمراھ،
كىچىككى تۇرالغۇ ئۆي، ئائىلە جابدۇقلىرى، تېلېۋىزور،
تۇنغۇر، توكلاتقۇ، قەدىمىي ئاسار - ئەتىقە،
رەسىم -ھۆسنخەت ، ھەتتاكى ئادەمنىڭ
ھاياتى، سالامەتلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەم-
مىسىنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇشقا بولىدۇ. پەقەت
تېگىشلىك سۇغۇرتا پۇلى تاپشۇرۇلسىلا، تاسادىپىي
بىرەر كېلىشمەسلىك تۇغۇلغاندا، سۇغۇرتىغا قات-
ناشقان ئادەم ئون ھەسسە، يۈز ھەسسە، ھەتتا تېخى-
مۇ كۆپ مىقداردىكى تۆلەمگە ئېرىشەلەيدۇ. ھازىرقى
زامان جەمئىيىتىدە سۇغۇرتىغا قاتنىشىش كىشىلەر-
نىڭ نەزەرىدە پەقەت كۈتۈلمىگەن زىيانغا ئۇچرىغان-
دىن كېيىن زىياننى تۈزەش چەككە چۈشۈرۈشنىڭ كا-
پالىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەدرىجىي ھالدا
بىر خىل مەبلەغ سېلىش ھەرىكىتى بولۇپ قالدى.
چۈنكى سۇغۇرتا سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىنى پايدا-
مەنپەئەتكە، ھەتتا زور مىقداردىكى پۇلغا ئېرىشتۈ-
رىدۇ. شۇڭلاشقا، يېقىنقى يىللاردا سۇغۇرتا ھەققى-
نى ئالداپ ئېلىۋېلىش دېلولىرى ئارقا - ئارقىدىن
كېلىپ چىقتى.

1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، تىنىج
ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ خېيلۇڭجياڭ ئۆل-
كىسى چىچىخار شەھەرلىك شۆبە شىركىتى سۇ-
غۇرتىغا قاتناشقۇچى ۋاڭ جىنبىڭنى سۇغۇرتىغا قوبۇل
قىلغان. ئۇ 2100 يۈەن خەجلەپ قىممىتى 100 مىڭ
يۈەندىن ئاشىدىغان «ئۆسۈمى قايتۇرۇلىدىغان ئۆمۈر
سۇغۇرتىسى» دىن بەش كىشىلىك سۇغۇرتىغا قات-
ناشقان. 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يەنە ۋاڭ جى-



FAZHIZONGHENG

قىزنىڭ نامىدا 840 يۈەنلىك، قىممىتى 40 مىڭ يۈەن بولغان ئىككى كىشىلىك ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنى قوبۇل قىلغان. ئىككى قېتىملىق سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا تۆلىمى 140 مىڭ يۈەن بولغان. مەنپەئەتدارلار تەرتىپ بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇنىڭ ئايالى ۋاڭ شيۇفېن، يېشىغا توشمىغان قىزى ۋاڭ × ×ۋە ئىنىسى ۋاڭ جىشىڭلار بولغان. ۋاڭ جيفېڭنىڭ ئۇن كۈن ئىچىدە ئىككى قېتىم سۇغۇرتىغا قاتنىشىشى سۇغۇرتا شىركىتىگە نىسبەتەن خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. ھالبۇكى، سۇغۇرتا شىركىتى سۇغۇرتا پۇلىنى ئالدىپ ئېلىۋېلىش پەۋقۇلئاددە چوڭ دېلوسىنىڭ ئىنە-سى -جىن سەزمىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، غەلىتە ۋەقەلەر ئۇززۇلمەي يۈز بېرىشكە باشلىدى.

*سۇغۇرتىغا قاتناشقىنىغا ئىككى ئاي بولماي تۇرۇپ تاسادىپىي كۆيۈپ ئۆلۈش، تۇغقانلىرىنىڭ چىرايىدا قايغۇ ئالامىتى بولمىغاچقا، ساقچى تەرەپ غەيرىيلىك ھېس قىلىش*

قار -مۇزلار تەدرىجىي ئېرىۋاتقان بولسىمۇ، ھاۋا بەزىدە ئىسسىپ، بەزىدە سوۋۇپ كېتەتتى. 3 -ئايدىكى چىچىخار شەھىرىدە ئەتىيازنىڭ سوغۇقى خېلى بار ئىدى. 21 - چېسلا سەھەردە، چىچىخار شەھىرى جيەنخۇا رايونىنىڭ خاۋرۇڭ ئاھالىلەر كومىتېتى ئەتراپىدىكى كوچا چىراغلىرى ئەتىيازنىڭ سوغۇقىدا جىمجىتلىقنى پىلىلداپ تۇرۇۋاتاتتى.

سەھەر سائەت 6 دە، ۋاڭتۇن پوچتا تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ يېنىدىكى باۋۋاڭ ئاشلىق دۇكىنىنىڭ دىرېكتورى خې × ×قويۇق ئىستىن قېقىلىپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كىيىنىپ كارىۋاتتىن چۈشتى -دە، ئىس -تۈتەك چىقىۋاتقان يەرنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئىس -تۈتەك يانىدىكى لوڭخۇيى ئۆي -سىن دۇكىنىدىن چىقىۋاتاتتى. ئۇ «بولمىدى! ئوت كەتتى!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئالدىراشلىق بىلەن قوشنىسىنى چاقىرىپ، ئۆي -سىن دۇكىنىنىڭ ئىشىكىنى چېقىپ كىرىپ ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولدى. ئوت ئۆچۈرۈلدى، قويۇق ئىس تارقىغاندىن كېيىن ئۇلار تۈزۈقسىز كارىۋات ئۈستىدە بىر ئادەمنىڭ ياتقانلىقىنى بايقىدى. بۇ ئادەم كۆيۈپ ئۆلگەنىدى. خې × ×ئېچىنغان ھالدا: « بۇ ۋاڭ جيفېڭ مۇبادا تۈنۈگۈن ھاراقنى ئازراق ئىچىپ، ئۆيىگە قايتىپ كەتكەن بولسا، كۆيۈپ ئۆلمەس ئىدى» دېدى.

خې × ×دەرھال ۋاڭ جيفېڭنىڭ تۇغقانلىرىغا خەۋەر قىلدى، شۇنداقلا «110» غىمۇ دېلو مەلۇم قىلدى.

ئەڭ ئاۋۋال نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگىنى ۋاڭ جيفېڭنىڭ ئىنىسى ۋاڭ جىشىڭ بولدى. ئۇ ھېچبىر ھەيران قالمىدى ياكى ئازابلانمىدى. ئۇ جەسەتكە شۇنداق بىر قاراپ قويۇپلا، ئورۇنلۇپ چىقىپ تاكسىغا ئولتۇرۇپ يەڭگىسى ۋاڭ شيۇفېننىڭ ئۆيىگە بېرىپ بۇ «شۇم» خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇ يەڭگىسى بىلەن ئۆي -سىن دۇكىنىغا بېرىش يولىدا، ۋاڭ شيۇفېنگە: «ئۆلگەن ئۇ ئادەم ئاكامغا تازا ئوخشىماي تۇرىدۇ، لېكىن ئۇ ئاكام بولامدۇ -بولمامدۇ، سىز چوقۇم ئاكام ئۆلگەنىدەك يىغلاڭ» دېدى. ۋاڭ شيۇفېن دەسلەپ چۆچۈدى، ئارقىسىدىنلا ئۇنىڭدا بىر سىرنىڭ بارلىقىنى دەرھال سەزدى: بۇ ئاكا -ئۇكا ئىككىيلەن ئاخىرى قول سېلىپتۇ -دە!

جىنايى ئىشلار رازۋېدكا خادىملىرى نەق مەيداننى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئوت ئاپىتىنىڭ توك كۆرپە سىمىنىڭ ئۈززۈلۈشىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇئەييەنلەشتۈردى. جەسەت تەكشۈرۈشتىمۇ باشقىلارنىڭ زورلۇق كۈچ بىلەن ئۆلتۈرگەنلىك ئىزى بايقالمىدى. سىرتتىن قارىغاندا، ئۆلگۈچى كاربون چالا ئوكسىدىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلگەنىدەك قىلاتتى. ج خ ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەنىدەك بولدى.

ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرىغا جەسەتنى تونۇتىلىغان چاغدا، ۋاڭ شيۇفېن قاتتىق يىغلىدى. ۋاڭ جىشىڭنىڭ يىغىسىمۇ ئالەمنى بىر ئالدى، بىراق بەرىسىمۇ ئۆلۈش سەۋەبى ھەققىدە ھېچقانداق باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويمىدى.

جەسەت تونۇتۇلغان چاغدا، ۋاڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ياڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىر قاراپلا ئۆلگۈچىنىڭ ۋاڭ جيفېڭ ئەمەسلىكىنى بىلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاڭ جيفېڭنىڭ كۆكرىكىدە، بېلىكىدە، يوتىسىدا چەكمە رەسىم بارلىقىنى بىلەتتى، لېكىن بۇ جەسەتتە يوق ئىدى. ۋاڭ جىشىڭ بىلەن ۋاڭ شيۇفېننىڭ ئۆلگۈچىنى ۋاڭ جيفېڭ دېگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارمۇ بىر ئېغىزدىن «ۋاڭ جيفېڭ شۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. ئەمما، ئۇلار بۇ پەردە بىر سىر بارلىقىنى، ساقچىلارغا بۇ سىرنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى پەملىدى. شۇڭلاشقا، بۇ دېلونىڭ دەسلەپىدىلا ئۇلار يالغان گۇۋاھلىق بېرىشكە باشلىدى.

ۋاڭ شيۇفېن بىلەن ۋاڭ جىشىڭنىڭ ئىپادىسى رازۋېدكا خادىملىرىنىڭ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. بىر قىسىم تاسادىپىي ئۆلۈم دېلولىرىدا، ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى ئادەتتە ھە دەپ بەزى تەرەپلەرگە چېڭ ئېسىلىۋالاتتى. لېكىن، بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ ئادەملىرىنىڭ قىلىقىمۇ باشقىچە پەيكىردە بولمىغانلىقى رازۋېدكا خادىملىرىدا



گۇمان تۇغدۇرۇپ قويدى.

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ۋاڭ چۇنسەي، جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى ياڭ شىياۋبىن، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى گو ۋېي ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىسپات بېرىشكە ، جەسەتنى كۆيدۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى، تەكشۈرۈشنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى، دېلونى تېز ئاخىرلاشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

23 - چېسلا چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا، ۋاڭ جىشېڭ ئالدىراپ - تېنەپ جيەنخۇا ج خ شۆبە ئىدارىسىگە كەلدى. ئۇ تولدۇرۇپ تەييار قىلىنغان بىر پارچە «ئۆمۈر سۇغۇرتىسى تۆلەم بېرىش ئىلتىماسى»غا تامغا بېسىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ۋاڭ جىفېڭنىڭ كاربون چالا ئوكسىدى بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، تىنىچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ چىچىخار شۆبىسىدىن 140 مىڭ يۈەنلىك سۇغۇرتا پۇلىنى ئالماقچى بولدى.

جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ساقچىلىقىدىن كېلىپ چىققان ج خ شۆبە ئىدارە باشلىقى ۋاڭ رۇي جىنايى ئىشلار رازۋېدكا خادىملىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەگەك كاللىسى ۋە كۆپ يىللىق دېلو بېجىرىش تەجرىبىسى بويىچە كەسكىنلىك بىلەن: «ۋاڭ جىفېڭنىڭ ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىپ ئىككى ئاي بولمايلا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشى ناھايىتى گۇمانلىق، ئۆمۈر سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. بۇ دېلو توغرىسىدا يېنىكلىك بىلەن يەكۈن چىقىرىشقا بولمايدۇ. بۇنى ئۈزۈل - كېسىل ئېنىقلاپ چىقىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

**جەسەتنى كۆيدۈرۈشكە ئالدىراپ كەتكەچكە،**
**بۇ دېلودا يەنە گۇمانلىق جايلار بايقالدى،**
**بىر كىشى دېرەكسىز يوقاپ كېتىپ، جەسەت**
**تونۇتۇلغاندا يەنە ئىشلار كېلىپ چىقتى**

ج خ شۆبە ئىدارىسى رەھبەرلىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىدىكى رازۋېدكىچىلار نەق مەيداننى قايتىدىن ئىنچىكە چوڭقۇر تەكشۈردى. نەتىجىدە يەنە تۆت گۇمانلىق نۇقتا بايقالدى: (1) نەق مەيداندىكى شىرە ئۈستىدە ئىككى رومكا بولۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن بىر كىشى بىللە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچكەنلىكىنى مەلۇم. ئۇ كىشى زادى كىم؟ (2) ئۆلگۈچىنىڭ ئۈستىدە پەقەت كۆڭ كۇسارلا بولۇپ، ئۆي ئىچىدە ئۆلگۈچىنىڭ كىيىمى ياكى كۆيگەن كىيىملەرنىڭ كۈلى يوق ئىدى. (3) ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى جەسەت قويۇلغان ئۆينىڭ سىرتىدا قەغەز كۆيدۈرگەندە، يەنە باشقىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ كۈلۈپ پاراڭلاشقان، چىرايىدا قىلچە قايغۇرۇش ئالامەتلىرى بولمىغان. (4) ئوت ئۆچۈرۈشكە قاتناشقان ناھايىتى سەزگۈر بىر كىشىنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، شۇ كۈنى سەھەردە قار ياغقان بولۇپ، ئۇن - سىن ماگىزىننىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئىزلار بولۇپ، كېيىن ئۇ ئىزلار ئوت ئۆچۈرۈشكە كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئايىغىدا دەسسىلىپ يوقاپ كەتكەن.

نەق مەيداننى ۋە جەسەتنى ئوپېراتسىيە قىلىپ تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، ئۆلگۈچىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى چەتكە قاققىلى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن دېلونى پاش قىلىشتا زور بۆسۈش بولدى.

جيەنخۇا ساقچى ئىدارىسى «ۋاڭ جىفېڭ»نىڭ ئۆلۈش سەۋەبىدىكى گۇمانلىق نۇقتىلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، جيەنخۇا رايونىنىڭ شەرقىي بازار دېخۇا ئاھالىلار كومىتېتىدا ئولتۇرۇشلۇق ليۇ لىجۈن، لى شېجېن ئەر - خوتۇنلارنىڭ تۆت ئەۋلادتىن بۇيانقى يالغۇز ئوغلى ليۇ شىۋېينى ئىزدەۋاتقىلى بىر قانچە كۈنلەر بولغانىدى. ليۇ شىۋېي ۋاڭ جىشېڭنىڭ لايىقى ياڭ ۋېينىڭ ئاكىسى ياڭ بونىڭ ساۋاقدىشى بولۇپ، ۋاڭ جىشېڭلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى يېقىن ئىدى. ليۇ لىجۈن ئەر - خوتۇنلار كۆپ قېتىم ۋاڭ جىشېڭ، ياڭ بولارنى ئىزدەپ كېلىپ ئوغلىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلغان، ئەمما «كۆرمىدۇق» دېگەن جاۋابنى ئالغانىدى. ليۇ لىجۈن ئەر - خوتۇنلار ۋاڭ جىفېڭنىڭ قوشنىلىرىدىن «ۋاڭ جىشېڭنىڭ 3 - ئاكىسى ۋاڭ جىفېڭ 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېچىدە كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ، ئەمما ئائىلىسىدىكىلەر قايغۇرماستىن، بەلكى ناھايىتى خۇشال يۈرۈشىدۇ. كۆيۈپ ئۆلگەن ئادەم سىلەرنىڭ بالاڭلار بولۇپ قالمىسۇن يەنە!» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەر - ئايال لاغىلداپ تىترەشكە باشلىغان. چۈنكى، دەل شۇ كۈنى ئوغلى ۋاڭ جىفېڭنى ئىزدەپ كەتكەنچە ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنىدى. 27 - چېسلا كەچ سائەت 5 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئەندىشە ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە جيەنخۇا شۆبە ج خ ئىدارىسىنىڭ شەرقىي بازارلىق ساقچىخانىسىغا كېلىپ دېلو مەلۇم قىلغان ھەمدە ۋاڭ جىشېڭنىڭ بۇ بىر قانچە كۈندىن بۇيان ئۆزلىرىگە كۆرۈنۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى، روھىي كەيپىياتىنىڭ ناھايىتى نورمالسىز



ئىكەنلىكىنى ئىنكاس قىلغان.

ليۇ لىجۈن ئەر – خوتۇنلارنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ساقچىخانىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان سىياسىي يېتەكچى ۋاڭ باۋمىڭ، ساقچىلار باشلىقى خۇ جىمىن، ساقچى دۇ شىنفا، جياڭ خۇڭتاۋلار شۇئان لۇڭشيا رايونى دامىن بازىرىلىق جۇ شىجيڭ يوقاپ كەتكەندە، بۇ دېلودا ۋاڭ جىنفېڭ، ۋاڭ جىشېڭ ئاكا ئۇكىلارنىڭ گۇمانلىق شەخس بولۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىشتى. ئەجەبا، بۇ بىر تاسادىپىي ئۇدۇل كېلىپ قېلىشمۇ؟

شەرقىي بازارلىق ساقچىخانا دەرھال ئۇز تەۋەلىكىگە قاراشلىق يوڭشېڭ ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ 32 – گۇرۇپپىسىدا ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ۋاڭ جىشېڭنى قانۇن بويىچە چاقىرتتى. ۋاڭ جىشېڭ سوراق ئالدىدا ناھايىتى تاقەتسىزلىنىپ: «ليۇ شۇيى پۈتتى بار پۈتۈن سۆرۈك ئادەم، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى مەن نەدىن بىلەي، سىلەر ج خ ئىدارىسىدىكىلەر نېمىشقا ھەمىشە ماڭىلا ئېسىلىۋالىسىلەر؟ » دېدى.

ئۆلگۈچىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، شۇ كۈنى كەچ سائەت 7 دە، سىياسىي يېتەكچى ۋاڭ باۋمىڭ ساقچىلار ۋە ليۇ لىجۈن ئەر – خوتۇننى ئېلىپ، ئازادلىق ئارمىيە 203 – دوختۇرخانىسىنىڭ جەسەت ساقلاش ئۆيىگە كېلىپ ئۇلارغا جەسەتنى كۆرسەتتى. نەتىجىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەھۋال چىقىپ: ليۇ لىجۈن ئەر – خوتۇن جەسەتنى كۆرۈپلا: «بۇ بىزنىڭ ئوغلىمىز» دەپ يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى. ئەسلىدە ليۇ شۇيىنىڭ بەدىنىدە ناھايىتى ئېنىق تۆت بەلگە بار ئىدى: سول قېشىدا بىر تاتۇق بار، ئىككى ئۇدۇل چىشى چوڭ، ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىدا كۆيۈكتىن قالغان تاتۇق، كاسىسىدا كىچىك ۋاقتىدا ئوكۇل سېلىشتىن پەيدا بولۇپ قالغان ھۆررەك بار ئىدى. ليۇ لىجۈن ئەر – خوتۇن مۇشۇ بەلگىلەر بويىچە «ئۆلگۈچى شەك – شۈبھىسىز بىزنىڭ ئوغلىمىز» دېدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر بىلەن دېلو بىردىنلا مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

## بىر توپ قانۇن كورلىرى تۇغقانلىرىنى دەپ ئۆزىنى ئاۋارە قىلدى، ساقچىلار پەم بىلەن كۆرەش قىلىپ، سىرلىق دېلونى ئۇزۇل – كېسىل پاش قىلدى

سوراق ناھايىتى مۇشكۈلچىلىك ئىچىدە داۋاملىشىۋاتاتتى.

بۇ، قانۇننى بىلمەيدىغان يولسىز كىشىلەر بولۇپ، يامانغا يان تاياق بولۇپ، جىنايەتچىلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ج خ ئورگانلىرىنىڭ رازۋېدكا قىلمىش، دېلو بېجىرىش خىزمىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن قالايمىقانچىلىق سېلىۋاتاتتى.

ۋاڭ شيۇفېن «يېشى»نى سۆرتكەچ، كۆيۈپ ئۆلگۈچىنىڭ شەك – شۈبھىسىز ئۆزىنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: «مەن ئۆلگۈچى بىلەن ئەر خوتۇن، ئۇ كۆيۈپ كۆلگە ئايلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنى تونۇۋالالايمەن» دېدى.

ۋاڭ جىشېڭ تېخىمۇ كەسكىن قىلىپ: «بىز بىر قورساق ئاكا – ئۇكىلار، مەن ئاكامنىڭ بەدىنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەنمۇ؟ كۆيۈپ ئۆلگەن بۇ ئادەم مېنىڭ ئاكام، ھېچقانداق خاتاسى يوق» دېدى.

..................

ۋاڭ، ياڭ ئائىلىسىدىكى باشقا كىشىلەرمۇ ئوخشاشلا شۇنداق دەپ تۇرۇۋالدى.

قارىغاندا، ۋاڭ جىشېڭ قاتارلىق كىشىلەر ئۆزىنىڭ سادىر قىلغان ۋەقەسىدىن قىلچە خاتالىق چىقمايدۇ، ج خ ئورگانلىرى دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېنىقلىيالمايدۇ دەپ قاراپ، يەنىلا يالغان ئويۇن ئويناپ، كۆز بوياپ ئۆتنۈۋېلىش ھىيلىسىنى ئىشلەتمەكتە ئىدى.

ۋاڭ شيۇفېن، ياڭ بو قاتارلىقلارنىڭ مەنىۋىي مۇداپىئە توسىقى ئاستا ئاستا يېمىرىلىشكە باشلىدى. بۇ ئىشنىڭ ئالدى – كەينىنى ئويلىغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشقا قاتناشقانلىقى، قوترىتقۇلۇق قىلغانلىقى، جىنايەتچىنى قانات ئاستىغا ئالغانلىقىدەك ئېغىر ئاقىۋەتنى تونۇپ، ئىلاجىسىز ئەھۋالدا «كۆيۈپ ئۆلگەن ۋاڭ جىنفېڭ ئەمەستەك قىلىدۇ» دېيىشتىن ئاخىرى ھەممىيلەن بىردەك «كۆيۈپ ئۆلگەن كىشى ھەرگىز ۋاڭ جىنفېڭ ئەمەس» دېيىشكە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن دېلودا يوچۇق ئېچىلدى. ئەمما، ساقچىلارنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى، لۇڭشيا رايونى دامىن بازىرىلىق جۇ شىجېنىڭ ئىزى – دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىش دېلوسى بۇ دېلو بىلەن بىللە پاش بولىدىغاندەك تۇراتتى. يېشىغا تولمىغان قىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان ۋاڭ شيۇفېن پۇشايمان ۋە ئۈركۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن بىر مۇھىم دېلو ئەھۋالىنى تاپشۇردى: 1 – ئاينىڭ 23 – كۈنى كەچتە، جۇ شىجيڭ ئۇنىڭ ئېرىنى ئىزدەپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلگەن، ئۇ چاغدا ۋاڭ شيۇفېن تاماق ئېتىۋاتاتتى. شۇڭا جۇ شىجېڭنى تاماق يەپ كېتىڭ دېگەن، ئەمما جۇ شىجېڭ ئۇنىماي ۋاڭ جىنفېڭنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ ئاشپۇزۇلدا تاماق يەپ، ھاراق ئىچىپ، ئاندىن پويىز بىلەن تۇلىخېغا قايتىپ سودىسىنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. 26 – كۈنى ئەتىگەندە، ۋاڭ جىنفېڭ ئۆزى يالغۇز چىچىخارغا قايتىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، جۇ شى-



چىگىنىڭ دادىسى 2 ـ3 كۈنلە بىر ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، جۇ شىچىگىنىڭ ئىز ـدېرىكىنى قىلغان. 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، ئۇلارنىڭ چوڭ ئاكىسى ۋاڭ جىجۇن بالىسىنى تۇلىخېغا ئاپىرىپ مەكتەپكە بەرگەن. ئۇلارنىڭ دادىسى ۋاڭ مىڭجى ۋاڭ جىجۇنگە ئۆتكەندە ۋاڭ جىفېڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ھېلىقى جۇ فامىلىلىك كىشىنىڭ چىچەنخارغا قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتقان. ۋاڭ جىجۇن ۋاڭ جىفېڭدىن بۇ ئىشنى سورىغاندا، ۋاڭ جىفېڭ ناھايىتى جىددىيلىشىپ، ئالاقزادە بولۇپ، تۇغقانلىرىنىڭ مۇنداق مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقىنى ئېيتقان. ۋاڭ شيۇفېن: «ۋاڭ جىفېڭ جۇ شىچىگنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن دەپ ئويلايمەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا تاپشۇرغان شۇنچە كۆپ پۇلنى نەدىن تاپتى؟» دېدى.

بىر كېچىلىك جاپالىق سوراق ئارقىلىق، ۋاڭ جىفېڭ، ۋاڭ جىشېڭ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ بىرلىشىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ، كۆپ مىقداردىكى ئۆمۈر سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالماقچى بولۇشتەك پەۋقۇلئاددە چوڭ دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئاخىرى ئايدىڭلاشتى.

**بىردىنلا باي بولۇپ كېتىش خام خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يامان نىيەت بىلەن ئەپلىك چارە ئىزدەش، سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىپ، بايلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ، مېلىنى بۇلاش**

31 ياشلىق ۋاڭ جىفېڭ، 24 ياشلىق ۋاڭ جىشېڭلار ئەسلىدە ئىچكى موڭغۇل ياكېشى شەھىرى تۇلىخې ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئىشچىلىرى ئىدى. ئۇلار 1995 ـ يىل 10 ـ ئايدا چوڭ ئاكىسى ۋاڭ جىجۇن بىلەن چىچەنخار شەھىرىگە ئىشلەمچىلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. 1998 ـ يىل 5 ـ ئايدىن باشلاپ جيەنخۇا رايونى شەرقىي بازار ساقچىخانىسىغا قاراشلىق يۇڭشېڭ ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ 32 ـ گۇرۇپپىسىدا ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان. بۇ جەرياندا، ۋاڭ جىشېڭ قوشنىسى ياڭ گۇئېننىڭ قىزى ياڭ ۋېي بىلەن مۇھەببەتلەشكەن ۋە بىر ئۆيدە تۇرۇشقا باشلىغان. 25 ياشلىق ليۇ شۇۋېي شۇ باشقۇرۇش رايونىنىڭ دىڭخۇا ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ 57 ـ گۇرۇپپىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، ياڭ ۋېينىڭ ئاكىسى ياڭ بو بىلەن كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، مۇناسىۋىتى بەك يېقىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ جىفېڭ، ۋاڭ جىشېڭلار ياڭ ئائىلىسى ئارقىلىق ليۇ شۇۋېي بىلەن تونۇشۇپ قالغان.



ۋاڭ جىفېڭ، ۋاڭ جىشېڭلار چىچەنخار شەھىرىدە كۈن بويى ئىشلىسىمۇ، ئەما كىرىمى يۇقىرى بولمىدى، تاپقىنى ئۆزىگە يەتمىدى. ئۇلار ھەمىشە چۈشىدە ئۆزلىرىنىڭ بىر كېچىدىلا مىليونېر بولۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەيتتى. مال ـ دۇنياغا بولغان قىزىقىش ئۇلارنى قەدەممۇ قەدەم جىنايەت پاتقىقىغا ئىتتەرگەن.

1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ بېشىدىكى مەلۇم بىر كۈنى، تىنىچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى چىچەنخار شۆبىسىنىڭ كەسپىي خادىمى چېن × ×لۇڭخۇېي ئۈن ـ سىن دۇكىنىغا VCD پىلاستىنكىسى ئىجارىگە ئالغىلى كەلگەن. پاراڭ ئارىلىقىدا، چېن × × جىسمانىي بىخەتەرلىك سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشنىڭ پايدىسىنى تەشۋىق قىلىپ، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ۋە ئىسىم كارتوچكىسىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇنى ئاڭلاپ ئۇكىسىنىڭ ئورنىدا دۇكانغا قاراۋاتقان ۋاڭ جىفېڭنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەن. ئۇ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش باي بولۇشنىڭ تېپىلغۇسىز ياخشى چارىسى ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلگەن. چېن × ×كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭ جىفېڭ زادىلا ئۇخلىيالمىغان. كۆپ مىقداردىكى ئۆمۈر سۇغۇرتا پۇلىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال سۇغۇرتىغا قاتنىشىدىغان پۇل بولۇش كېرەك، لېكىن بۇ پۇلنى نەدىن تېپىش كېرەك؟ ئۇ دەرھال جۇ شىچىڭ دېگەن بىر ئادەمنى ئېسىگە ئالغان. بىر كېچىدىلا ۋاڭ جىفېڭنىڭ قورسىقىدا ئادەم ئۆلتۈرۈپ، سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىشتەك شۇم نىيەت پەيدا بولغان.

بىر كۈنى ۋاڭ جىفېڭ بىلەن ۋاڭ جىشېڭ بىر كىچىك رېستورانىدا ھاراق ئىچىشكەن.

ۋاڭ جىفېڭ:

ـ ئۇكام، سەن ھازىرغىچە ياڭ ۋېي بىلەن توي قىلالمىدىڭ، بۇنىڭغا كۆڭلۈم بەكمۇ ئازابلىنىدۇ، ـدېگەن. يەنە:

ـ كىم بىزنى مۇنداق نامرات بولسۇن دەپتۇ. مەن ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتنىشاي، مەن ئۆلسەم سەن سۇغۇرتا پۇلىغا ئېرىشىسەن، ئابرويى بىلەن كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزەلەيسەن، ـدېگەن.

بۇ سۆز ۋاڭ جىشېڭنى قورقۇتۇۋەتكەن. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

ئاكا، مەن ئۆمۈر بويى خوتۇن ئالماي بويتاق ئۆتۈپ كېتىشكە رازىمەنكى، ئۆلۈشۈڭنى خالىمايمەن، ـدېگەن.

ۋاڭ جىفېڭ ئۇكىسىنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىدىن تەسىرلەنمەيلا قالماي، ئەكسىچە مەنسىتمەسلىك تەلەپپۇز بىلەن:

ـ بەكمۇ دۆت ئىكەنسەن مەن تېخى ئەمدىلا 31 ياشقا كىرگەن تۇرسام، بۇ دۇنيادا تېخى ياشايدىغىنىمنى ياشاپ بولماي تۇرۇپ ئۆلۈمەنمۇ. ۋاقتى كەل-

گەندە مېنىڭ ئورنۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە ئادەم چىقمىدۇ، دېگەن.

ۋاڭ جىنشېڭ بىردىنلا ھەممىنى چۈشەنگەن. شۇنداق قىلىپ ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ، سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىشنىڭ تەپسىلىي پىلانىنى مانا مۇشۇ كىچىك رېستوراندا مەخپىي پىلانلىغان.

ۋاڭ جىنفېڭنىڭ ئورنىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى تاللاش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. بوينىنىڭ ئېگىزلىكى، بەدەن شەكلى، رەڭگى ئوخشاش بولۇشى ياكى يېقىن كېلىشى كېرەك ئىدى. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن تاقەتسىزلىك بىلەن ھەممە يەرگە قاتراپ قۇربانلىق ئىزدىگەن. شۇنىڭ بىلەن ليۇ شۇۋېي بۇ شۇم نىيەتلىك ئاكا - ئۇكىلارنىڭ خىيالىغا كىرىپ قالغان، چۈنكى ئۇنىڭ بەدەن شەكلى ۋاڭ جىنفېڭگە ئوخشايتتى.

ليۇ شۇۋېي ناھايىتى غەرەز ئۇقمىغان كىشى ئىدى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، كۆپرەك پۇل تېپىپ، ئاتا - ئانىسىغا ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاشپەزلىك ھۈنىرىنى ئۆگەنگەن، بەزى مېھمانخانا، رېستورانلاردا ئاشپەزلىك قىلىۋاتاتتى. ۋاڭ جىنفېڭ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يالغان ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ داچىڭ شەھىرىدە چوڭ رېستوران ئاچقانلىقى، ليۇ شۇۋېينى يۇقىرى ئىش ھەققى بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. كۆپ ئىش كۆرمىگەن، ئاقكۆڭۈل، ساددا ليۇ شۇۋېي يۇقىرى ئىش ھەققىگە ئالدىنىپ، شۇئان ۋاڭ جىنفېڭنى شاپائەتچىم دەپ قارىغان. شۇڭا، 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جىنجىخار شەھىرىدىكى مەلۇم رېستوراننىڭ ئاشپەزلىك خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، دەرھال داچىڭ شەھىرىدىكى چوڭ رېستورانغا بېرىپ ئىشلەشكە ئالدىرىغان.

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ۋاڭ جىنشېڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ۋاڭ جىنفېڭ ۋە ۋاڭ جىنشېڭ ئاكا - ئۇكا قول سالىدىغان كۈننى بېكىتكەن. چۈنكى، بۇ كۈنى ۋاڭ جىنشېڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزمەكتى، لۇگۇۋېي ئۇن - سىن دۇكىنى تاقىلاتتى، كەچتە ۋاڭ جىنفېڭ ئۇكىسىنىڭ ئورنىدا دۇكانغا قارايتتى. ھەممە ئىش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 3 لەر ئەتراپىدا، ۋاڭ جىنفېڭ ئۇكىسى ۋاڭ جىنشېڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەش ۋە داچىڭغا بېرىپ ئاشپەزلىك قىلىش ئىشىنى مۇزاكىرە قىلىشنى باھانە قىلىپ، ليۇ شۇۋېينى لۇگۇۋېي ئۇن - سىن دۇكىنىغا ئالداپ ئېلىپ كەلگەن. ۋاڭ جىنفېڭ ليۇ شۇۋېينى ھاراق، قورۇما ۋە بېنزىن ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇۋەتكەن. بۇ دەل ليۇ شۇۋېينى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈدىغان بېنزىن بولۇپ، ليۇ شۇۋېي بۇنى زادىلا سەزمىگەن. ۋاڭ جىنفېڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ، ۋاڭ جىنشېڭغا، ئادەم كەلدى، ھەممە ئىش ئەسلىدىكى پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، دېگەن. ئاندىن دۇكاننىڭ ئىشىكىنى تاقىغان. ۋاڭ جىنفېڭدىن قاتتىق مىننەتدار بولغان ليۇ شۇۋېي ھاراق، قورۇما ۋە بېنزىننى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىككىيلەن ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشكە باشلىغان.

چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، ۋاڭ جىنشېڭ تاكسى بىلەن ئۈن - سىن دۇكىنىغا كېلىپ، ئاكىسى ۋاڭ جىنفېڭ بىلەن ليۇ شۇۋېينىڭ بىللە ھاراق ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ھە دەپ ھاراققا زورلىغان. ھاراق كۆتۈرەلمەيدىغان ليۇ شۇۋېي تېزلا مەست بولۇپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن، ۋاڭ جىنشېڭ دەرھال ئۈن - سىن دۇكىنىدىن كەتكەن. ۋاڭ جىنشېڭ كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭ جىنفېڭ ليۇ شۇۋېينى كارىۋاتتىن تارتىپ ئويغىتىپ: «كۆپ ئىچىۋەتتىڭ، بۇ مەستلىكنى يېشىش دورىسى، ئىچىۋەتسەڭ مەستلىكىڭدىن يېشىلىسەن» دېگەن. ليۇ شۇۋېي بۇنىڭدا بىرەر شۈملۇق بارلىقىنى ئويلىماي، تاللاپ قىلىپ ئېزىلگەن 50 تال تىنچلاندۇرۇش دورىسىنى بىراقلا ئىچىۋېتىپ، سافاغا يېقىلىپ بىھوش بولۇپ قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن.

چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە، ۋاڭ جىنشېڭ يەنە ئىنىسى - جىنىغا تويلۇرماي ئۈن - سىن دۇكىنىغا كەلگەن. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ھوشسىز ياتقان ليۇ شۇۋېينى كارىۋاتقا ئېلىپ، كۆزسىرىدىن باشقا ھەممە كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتكەن. ئاندىن كېيىن ۋاڭ جىنفېڭ توك كۆرپىسىنىڭ سىمىنى ئۈزۈۋېتىپ، توكلۇق سىمنى ليۇ شۇۋېينىڭ قولىغا تەككۈزگەن. ۋاڭ جىنشېڭ سالدۇرۇلغان كىيىملەر بىلەن ليۇ شۇۋېينىڭ ئاغزى - بۇرنىنى ئېتىۋالغان. ئۈن مىنۇت ئۆتمەيلا ھوشسىز ھالەتتە ياتقان ليۇ شۇۋېي ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان.

**يەنە بىر ئىز - دېرەكسىز يوقالغۇچى بولۇپ، ئويۇن ئىگىدە ئويۇن بار ئىدى، سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن ئادەم ئۆلتۈرۈلگەچكە، دېلو ئىچىدىن دېلو كېلىپ چىقتى**

3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ساقچىلار ۋاڭ جىنفېڭنىڭ كۆيۈپ ئۆلۈش دېلوسىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، جىنجىخار شەھىرى لۇڭ-



15 FAZHIZONCHENG

شا شۆبە ج خ ئىدارىسى بىر دېلو تاپشۇرۇۋالدى. دېلو مەلۇم قىلغۇچى بىر جۈپ ياشانغان ئەر – خوتۇن بولۇپ، ئوغلىنىڭ ئىز – دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلغانىدى.

بۇ يوقاپ كەتكەن ياش لۇڭشا رايونى دامىن بازىرىدىكى 25 ياشلىق جۇ شىچېڭ بولۇپ، ئۇ جيەنخۇا رايونى جاڭچى هاراق توپ سېتىش ماگىزىنىدا ئىشلەمچىلىك قىلاتتى. ئۇ كۈنبويى ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىت بىلەن قاتراپ يۈرۈپ، ۋارقىراپ مال ساتسىمۇ ھېچقانچە كۆپ پۇل تاپالمايۋاتاتتى. ئۇلارغا قوشنا بولغان داساڭ هاراق توپ سېتىش ماگىزىنىمۇ ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىت بىلەن كوچىلاردا ۋارقىراپ يۈرۈپ مال ساتىدىغان ئىشلەمچى بولۇپ، ئۇ دەل ۋاڭ جىنفېڭ ئىدى. ئۇلار كۈندە كۆرۈشۈپ تۇرغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوخشاشلا دەرتمەن بولغاچقا، تەبىئىي هالدا ئىككىسىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىپ بارغانسېرى يېقىن بولۇپ قالغان.

1999 – يىلى 1 – ئاينىڭ بېشىدا، ۋاڭ جىنفېڭدا سوغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش قارانىيىتى پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇ نىشانىنى جۇ شىچېڭغا قاراتقان. چۈنكى ئۇ جۇ شىچېڭنىڭ سودا قىلماقچى بولۇپ، باشقىلاردىن پۇل قەرز ئالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى.

1 – ئاينىڭ 15 – كۈنى كەچتە، جۇ شىچېڭ ۋاڭ جىنفېڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، تەلىيىم نېمىشقا مۇنداق تەتۈردۇ، نېمىشقا مۇنداق نامراتچىلىقتا ياشايدىغانمەن، دەپ ئاغرىنغان. ۋاڭ جىنفېڭ ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلغان بولۇپ:

– ئۇكام، نېمىشقا بۇنداق بەغەرەزلىك قىلىدىغانسەن. تۇلىخې تاغلىرىدا دۇلانتىن بار، ئۇنىڭ بىر تىلىنى بىرقانچە مۇچەندىن ئالغىلى بولىدۇ، ئەگەر ئۇنى چىچىخار شەھىرىگە ئەكىلىپ ساتسا، بىر تىلىنى ئون يۈەندىن كۆپرەككە ساتقىلى بولىدۇ. بۇنى بىلەمسەن، مۇشۇنداق باي بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىشنى خالامسەن؟ ئەگەر بۇ ئىشنى قىلىشنى خالىساڭ مەن سېنى باشلاپ بارىمەن، مېنىڭ ئۇ يەردە دوستلىرىم بار، بىز بىللە بېيىيمىز، –دېگەن.

1 – ئاينىڭ 23 – كۈنى كەچتە، جۇ شىچېڭ بەش مىڭ يۈەن پۇلنى ئېلىپ، باي بولۇش ئويىدا ۋاڭ جىنفېڭ بىلەن بىللە پويىزدا يولغا چىققان.

ئەتىسى ئەتىگەندە سائەت 8 دە ئۇلار تۇلىخېغا يېتىپ كەلگەن. ۋاڭ جىنفېڭ جۇ شىچېڭنى تۇلىخې بازىرى ئەيلىن شىمالىي يولىدىكى ئاتا – ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار كۈندۈزى ئۇخلاپ، كەچ سائەت 5 تە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر تاماقخانىغا بېرىپ تازا پوخادىن چىققۇچە



ئويىنىغان. هاراقنى كۆپ ئىچىۋەتكەچكە، جۇ شىچېڭ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن گاللىرى قۇرۇپ، سۇ ئىچىمەن، دېگەن. ۋاڭ جىنفېڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئېزىپ تالقان قىلىنغان 50 تال تىنچلاندۇرۇش دورىسى سېلىنغان چاينى جۇ شىچېڭگە بەرگەن. جۇ شىچېڭ چاينىڭ يېرىمىنى ئىچىپلا بۇ چاي نېمانداق ئاچچىق دەپ ئىچمەي قويۇپ قويغان. بۇ چاغدا ئەگەر جۇ شىچېڭ سەگەكرەك بولغان بولسا، ياقا يۇرتتا ئۆلمىگەن بولاتتى.

1 – ئاينىڭ 25 – كۈنى تاڭ سەھەر سائەت 4 تە، كۆڭلىگە شۇم نىيەتنى پۈككەن ۋاڭ جىنفېڭ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، پالتىنى قولىغا ئېلىپ، هوشسىز ياتقان جۇ شىچېڭنىڭ بېشىنى چاپقان ...

ۋاڭ جىنفېڭ جۇ شىچېڭنىڭ يېنىدىكى 5105 يۈەن پۇلنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، جۇ شىچېڭنىڭ جەسىتىنى ئۆيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ باغرىدىكى ئازگالغا تاشلاپ، قار بىلەن كۆمۈۋېتىپ، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك چىچىخارغا قايتىپ كەلگەن.

ۋاڭ جىنفېڭ چىچىخارغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاپ كەلگەن 5105 يۈەننىڭ 2100 يۈەنىنى ئېلىپ، 1 – ئاينىڭ 29 – كۈنى تىنچ ئوكيان سوغۇرتا شىركىتىنىڭ چىچىخار شۆبىسىگە بېرىپ، 100 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى بەش كىشىلىك «ياشانغاندا كۈتۈنۈش سوغۇرتىسى»غا قاتناشقان.

ئەمما، جۇشىچېڭمۇ نېمىلا دېسە ئىشىنىۋېرىدىغان كالۋا ئەمەس ئىدى، ئۇ خېلى بۇرۇندىنلا ۋاڭ جىنفېڭدىن ئېھتىيات قىلىپ كېلىۋاتاتتى. 1 – ئاينىڭ 23 – كۈنى، جۇ شىچېڭ ۋاڭ جىنفېڭ بىلەن تۇلىخې بازىرىغا مېڭىش ئالدىدا كۆڭلىدە قاتتىق ئېھتىيات قىلىش، ۋاڭ جىنفېڭغا ئالدىنىپ كەتمەسلىك ئويى پەيدا بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ جىياخې هاراق توپ سېتىش ماگىزىنىدىكى بىر ئايال كەسپىي خادىمغا: «ئەگەر مەن ئۈچ كۈنگىچە قايتىپ كەلمىسەم، ئاتا – ئانامغا ج خ ئىدارىسىغا بېرىپ دېلو مەلۇم قىلىشنى ئۇقتۇرۇڭلار» دېگەن. شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن يولدىن ئازغان بۇ ئادەم گەرچە بەزى نەرسىلەرنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئارقىغا قايتىشنى خالىماي، تەلەيمۇ نەدىم هالاكەت يولىغا قاراپ ماڭغان.

ئوغلى ئۈچ كۈنگىچە قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن، جۇ شىچېڭنىڭ دېلو مەلۇم قىلماقچى بولۇۋاتقان دادىسى ۋاڭ جىنفېڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ «ئوغلۇم نەگە كەتتى؟» دەپ غەۋغا قىلغان. ۋاڭ جىنفېڭ گەپ يورغىلىتىپ ئۇنى ئالداپ: «بالىڭىز بېيجىڭگە دولانتىن ساتقىلى كەتتى، بىر قانچە كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ» دېگەن.

ۋاڭ جىنفېڭ جۇ شىچېڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنىڭ

ئىشىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، چىچىخار پويىز ئىستانسىسىدا ئىچكى موڭغۇلنىڭ مولداۋا خوشۇنىغا بارىدىغان ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالغان.

2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۇ ئۇكىسى ۋاڭ جىشېڭغا تېلېفون بېرىپ، يەنە ئۆزىگە 840 يۈەن بىلەن 40 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئىككى كىشىلىك ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ئېلىپ قويۇشنى تاپشۇرغان.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ۋاڭ جىفېڭ چىچىخار شەھىرىگە يوشۇرۇنچە قايتىپ كېلىپ، ۋاڭ جىشېڭ بىلەن بىللە قۇربانلىق ئىزدەش ئىشىنى جىددىيلەشتۈرگەن، ئاخىرى بېرىپ ياۋۇزلۇق بىلەن ليۇ شۇبېنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغان.

**قارانىيەت ئاكا - ئۇكىلار ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئىككى كىشىلىك ئويۇن ئوينىدى، ساقچىلارنىڭ كۆزى ئۆتكۈر بولغاچقا دېلو پەيدا قىلغۇچىلار ھېچنەگە قېچىپ كېتەلمىدى**

ۋەقە تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئاكا ئۇكا ئىككىلەن دۇكاننىڭ تېمىغا ئېلان چاپلىغان، باشقىلار سىرتتىن دۇكان ئىچىنى كۆرەلمىسۇن دەپ دېرىزىنىڭ قاپقىقىنى چۈشۈرۈپ تاقىۋەتكەن. دۇكانغا ئوت قويۇپ ئادەم ئۆلتۈرگەندە ئۆزلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دۇكاندىكى رەڭلىك تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، VCD ئاپپاراتى قاتارلىق قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەن.

ۋاڭ جىفېڭنىڭ ئۆيى بىلەن ئۇن - سەي دۇكىنىنىڭ ئارىلىقى 5 - 4 كىلومېتىر بولۇپ، تاكسىغا ئولتۇرۇپ ماڭسا 10 مىنۇتلۇق يول ئىدى. دېلو سادىر قىلىنغاندىن كېيىن، ۋاڭ جىشېڭ تېزلىك بىلەن ياڭ بونىڭ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈۋەرگەن. ئۇ ئارىلىقتا بىر قانچە قېتىم دۇكانغا بېرىپ كەلگەن، ھەر قېتىمدا ھاجەتكە چىقىپ كېرەي دەپ باھانە سەۋەب كۆرسىتىپ، ناھايىتى تېز بېرىپ، تېز قايتىپ كىرگەن. كەچ سائەت 9 دا، ۋاڭ جىشېڭ راستىنلا شۇنداق قىلىۋاتقاندەك دۇكانغا تېلېفون بەرگەن، ئەمما ۋاڭ جىفېڭ تېلېفوننى ئالمىغان. ئاندىن ۋاڭ جىشېڭ ئۆزلىرىگە قوشنا دۇكان بولغان ئاشلىق دۇكىنىدىكى خې ××نىڭ ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ ئايالىدىن «دۇكاندا ئاكام بارمىكىن - يوقمىكىن، قاراپ باقسىڭىز» دەپ ئۆتۈنگەن. خې ××نىڭ ئايالى دۇكاننىڭ ئىشىكىنى بىر ھازا ئۇرغاندىن كېيىن، ۋاڭ جىفېڭ دۇكان ئىچىدىن: «مەن كۆپ ئىچىۋېتىپ يېتىپ قالدىم، تېلېفوننىڭ جىرىڭلىغىنىنى ئاڭلىماپتىمەن. ئۇكامغا دەپ قويسىڭىز، مەن بۈگۈن ئۆيگە كەتمەي مۇشۇ يەردە ئۇخلاپ قالىمەن، دېگەن. دەل بۇ چاغدا ۋاڭ جىفېڭ ليۇ شۇبېنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزى يالغۇز ھاراق ئىچىپ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كەيپىنى سۈرگەن.

20 مىنۇتتىن كېيىن، ۋاڭ جىشېڭ ياڭ ۋېي ۋە بەڭگىسى ۋاڭ شيۇفېننى ئېلىپ، قوشنىسىنىڭ دۇكىنىدىكى تېلېفون بىلەن ئۇن - سەي دۇكىنىغا تېلېفون بەرگەن. ۋاڭ جىفېڭ تېلېفوندا خوتۇنىغا: «كۆپ ھاراق ئىچىپ قويدۇم، ئۆيگە كېتەلمەيمەن، مۇشۇ دۇكاندا ئۇخلاپ قالىمەن، سەن بالا بىلەن ئۇخلاپ قال، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن» دېگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ۋاڭ جىفېڭ ليۇ شۇبېنىڭ ئۈستىدىن سالدۇرۇۋېلىنغان كىيىملەرنى مەشكە تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. 21 - چېسلا تاڭ سەھەر سائەت 6 دە، ئۇ ليۇ شۇبېنىڭ جەسىتىگە بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇۋەتكەندىن كېيىن، غېيىبلە دۇكاندىن چىقىپ، ئىشىكنى تاقاپ زوڭگۇلغا بېرىپ، پويىز بىلەن جىلىن ئۆلكىسىنىڭ نۇڭئەن ناھىيىسىدىكى خۇاڭيۇجۇەن يېزىسى بالىيىڭزى كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق تاغىسى ۋاڭ مىڭجياڭنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالغان.

ھېلىگەر ۋاڭ جىفېڭ ئۇكام ۋاڭ جىشېڭ 40 مىڭ يۈەن بىلەن ئابرويلۇق ھالدا توي قىلىۋالىدىغان بولدى، مەن 100 مىڭ يۈەننى ئېلىپ، خوتۇنۇم ۋە قىزىم بىلەن بىللە يىراقلارغا كېتىپ، باياشات ياشايدىغان بولدۇم، دەپ خام خىيال قىلغان.

3 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن باشلاپ جيەنخۇا ساقچىلىرى بايقان تورىنى يىغىشقا باشلىدى. شەرقىي بازار ساقچىخانىسى ئالدى بىلەن جىنايەت گۇمانلارلىرى ۋاڭ جىشېڭ، ۋاڭ شيۇفېن، ۋاڭ جىجۈن، خې شۇجېن، ياڭ ۋېي، ياڭ بو، ياڭ گۇيئەنلەرنى جىنايى ئىشلار جىنايىتى بويىچە تۇتۇپ تۇردى. جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى نۇڭئەن بازىرىدا ۋاڭ جىجۈننى قولغا ئالدى، يەنە باش جىنايەتچى ۋاڭ جىفېڭلا تېخىچە قېچىپ يۈرۈۋاتاتتى.

30 - چېسلا تاڭ سەھەر سائەت 4 تىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، جيەنخۇا شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ رازۋېدكىچىلار باشلىقى لۇمىن جيەنخۇا قاتارلىق بەش ساقچى قار - شۇرغانغا قارىماي، كېچىلەپ يول يۈرۈپ ئۇدۇل ۋاڭ جىفېڭ پاناھلىنىۋاتقان جاي نۇڭئەن ناھىيىسىنىڭ خۇاڭيۇجۇەن يېزىسى بالىيىڭزى كەنتىگە بېرىپ، تاڭ ئېتىش بىلەنلا قېچىش ئالدىدا تۇرغان ۋاڭ جىفېڭنى قولغا چۈشۈردى. ۋاڭ جىفېڭ: «بۇ مېنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىمدىن ئەمەس، بۇ تەقدىر، ئادەم تەقدىر ئۈستىدىن غالىب كېلەلمەيدىكەن» دەپ ئاھ ئۇردى. شۇ چاغقا كەلگەندىمۇ ئۇ يەنىلا ھوشىنى تاپمىدى، دۇنيادا «يامانلىق قىلغانلار جاجىسىنى يەيدۇ» دېگەن بىر مەشھۇر سۆزنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى...

قادىر راخمان (ت)





# تۈندىكى جىنايەت

ۋې نۇگۈلك

## ئايالنىڭ جەستى

1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سائەت 3 تە، قاراشەھەر ناھىيە چاغانچىكە يېزىسى موخرىسۇم كەنتىدىكى دېھقان يۇ شىيەنخۇا ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقانىدى. ئۇ، بىرئاز ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئېتىزلىقنىڭ باش تەرىپىدىكى زەيلىكنىڭ بويىغا بېرىپ زەيلىك ئىچىدىكى سۇلياۋ يېپىتىن توقۇلغان خالتىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە خالتىنى تارتىپ چىقىرىپ ۋارقىراپ تاشلىدى: خالتىنىڭ ئاغزىدىن ئادەمنىڭ پۇتى چىقىپ قالغانىدى.



سائەت 3 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە قاراشەھەر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدكىسىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شۈي چاڭجېڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتى خادىملىرىنى باشلاپ نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ نەق مەيدانىنى قوغدىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا يېتىپ كەلگەن ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار تارماق ئەترىتىنىڭ قانۇن دوختۇرى ۋە تېخنىك خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈش، تېخنىكىلىق باھالاشنى باشلىۋەتتى.

نەق مەيدان قاراشەھەر كونا شىبكەر زاۋۇتىنىڭ كەينىدىكى زەيلىكنىڭ ئىچى بولۇپ، قانۇن دوختۇرىنىڭ جەسەتنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە، ئۆلگۈچى 20 - 25 ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، چېچى سېرىق بويالغان، قاشلىرى ئىنچىكە تېرىلگەن، تىرناقلىرىغا لاك سۈركۈلگەن ئىدى. ئۇچىسىدا ئاق كۆينەك، كۆلرەڭ، قارا رەڭلىك ئىككى يۇڭ ئىشتاننى قاتلاپ كىيىۋالغان، ھاۋارەڭ پايپاقنىڭ ئىچىگە ئاق پايپاق كىيگەن، كۆك بوپكا كىيگەن بولۇپ، ئۆلگىنىگە بىر ئايچە بولغانىدى. جەسەتنى تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىشكە ئاساسلانغاندا تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىۋېتىلگەن. ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى دەرھال ئىككى دەرىجىلىك رازۋېدكا خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن «3 - مارت نامسىز ئايال جەسەت دېلوسى» مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

## يىپ ئۇچى ئىزدەش

جەسەتنى ئېنىقلاش بۇ دېلونى پاش قىلىشتىكى ئاچقۇچ.

ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى دېلو گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار ۋە ھەر قايسى ساقچىخانا مەسئۇللىرى قاتناشقان دېلو تەھلىل قىلىش يىغىنى ئاچتى ۋە دېلو بايقالغان نەق مەيدانىنى مەركەز قىلغان ھالدا ناھىيە ۋە ناھىيە ئەتراپىدىكى شەھەر، تۈمەن، مەيدانلارغىچە ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، جەسەتنى تېزدىن ئېنىقلاپ چىقىشنى قارار قىلدى. مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى ۋە ھەر قايسى ساقچىخانىلارنىڭ كادىر - ساقچىلىرى 4 - مارت دېلو بايقالغان نەق مەيدان ئەتراپىدىكى كەنت ۋە ئەتراپتىكى ناھىيە - شەھەر، تۈمەن، مەيدانلارغا ئادەم ئىزدەش ئېلانى چىقىرىپ ئۆلگۈچىنىڭ سۈرىتىنى

تارقىتىپ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى خېجىڭ ناھىيە شيەنشىڭ يېزىسىدىكى تۆ × ×نىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكىلى خېلى كۈن بولغان بولسىمۇ قايتىپ كەلمىگەنلىكى توغرىسىدىكى مۇھىم يىپ ئۇچىغا ئېرىشتى. بۇ خەۋەردىكى ئادەم بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ تاشقى قىياپىتى ئىنتايىن ئوخشاش ئىدى. مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر دەرھال ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى تەشكىللەپ ئۆلگۈچىنى تونۇۋېلىشقا ئېلىپ كەلدى. دەرۋەقە ئۆلگۈچى دەل تۆ × ×ئىدى.

## گۇمانلىق قاتىلنىڭ بايقىلىشى

جەسەت ئېنىقلانغاندىن كېيىن، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىسى، پائالىيەت سورۇنلىرى، شۇغۇللىنىدىغان كەسپىنى چۆرىدىگەن ھالدا خىزمەت ئىشلەشنى قارار قىلدى. ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇ چۈنجۇڭ بۇ دېلوغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، دېلو ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى كۆپ قېتىم ئاڭلاپ دېلونى پاش قىلىش لايىھىسى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ باردى. ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا نارماق ئەترىتىمۇ زور كۈچ بىلەن قوللىدى.

خەلق ساقچىلىرى ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئاساسلىق پائالىيەت ئورنى تاشلەن ئەتراپىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، گۇماننى ئۆلگۈچىنىڭ ئېرى بىلەن ئېرىنىڭ ئاكىسىغا مەركەزلەشتۈردى.

تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، ئۆلگۈچى بىلەن ئەخمەت يۈسۈپ 1998 -يىلى 8 - ئايدا توي خېتى ئالغان، لېكىن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزمىگەن. ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئېرى ۋە ئېرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغان، ئۆلگۈچى دىرەكسىز يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر ئايغىچە دېلو مەلۇم قىلمىغان. تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۆلگۈچىنىڭ ئېرى ۋە ئاكىسى سارلسىمىگە چۈشكەن بولۇپ، ساقچىلار سورىغان مەسىلىلەرگە ئېنىق جاۋاب بېرەلمىگەن. دەلىل ئىسپاتلار قولغا چۈشكەندىن كېيىن، خەلق ساقچىلىرى ئۇلارنى قانۇن بويىچە سوراق قىلدى. سوراق جەريانىدا ئاكا -ئۇكا ئىككىيلەن جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇن نەچچە كۈن قايتا -قايتا سوراق قىلىنغان بولسىمۇ ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى تاپشۇرمىدى. مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق تولۇق دەلىل - ئىسپات ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن سوراق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قانۇن -سىياسەتلەرنى ئىزچىل چۈشەندۈردى. ئاخىرى، ئەخمەت يۈسۈپ ئاكا -ئۇكا 3 - ئاينىڭ 20 -كۈنى چۈشتىن كېيىن پاكىتلار ئالدىدا جىنايى قىلمىشىنى پۈتۈنلەي تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

## ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ئاشكارىلىنىشى

ئەخمەت يۈسۈپ (ئەر، ئۇيغۇر، 28 ياش، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، مۇقىم خىزمىتى يوق) 1997 -يىل 11 - ئايدا تۆ × ×بىلەن تانسىخانىدا تونۇشۇپ قېلىپ مۇھەببەتلەشكەن.

1998 - يىل 7 - ئايدا ئەخمەت ئۆيىدىكىلەرگە ئۇقتۇرماي تۆ × ×بىلەن توي خېتى ئېلىۋالغان. بىراق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزمىگەن ھەم ئۆيىمۇ تۇتمىغان.

ئەخمەتنىڭ ئۆيىدىكىلەر تۆ × ×نى ئاتىقى چىقىپ قالغان قىز دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ نىكاھ ئىشىغا قاتتىق قارشى تۇرغان. بولۇپمۇ ئەمەت يۈسۈپ (ئەر، ئۇيغۇر، 30 ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، تاشلەندىكى مەلۇم زاۋۇتنىڭ شوپۇرى) قاتتىق قارشى تۇرغان. ئۇ ئەخمەتكە تۆ × ×نى ئۆيگە باشلاپ بارماسلىقنى كۆپ قېتىم ئېيتقان. 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كەچتە، ئەمەت ئىنىسى بىلەن تۆ × ×نىڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق ئاچچىقلىنىپ تەخسىدىكى ئاشنى تۆ × ×كە ئاتقان، ئۇرماقچى بولغاندا ئاپىسى توسۇپ قالغان.

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، تۆ × ×شيەنشىڭ يېزىسىدىن تاشلەنگە ئەخمەتنى ئىزدەپ كەلگەن. ئىككىسى ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى سىرتقا چىقىپ كەتكەچكە ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بارغان. كەچ كىرگەندىن كېيىن تۆ × ×ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشنى تەلەپ قىلغان. ئەخمەت قوشۇلمىغان. تۆ × ×1 -ئاينىڭ 14 - كۈنى ئەمەتنىڭ ئۇنى ئۇرغانلىقى ھەققىدىكى ئىشلارنى تەگەپ توختىماستىن ئۇنى تىللىغان. ئەخمەت ئاچچىقىنى باسالماي ئۇنى بىر شاپىلاق ئۇرغان. تۆ × ×بۇنى باھانە قىلىپ تىل - ئاھانەت ياغدۇرۇشقا باشلىغان. ئەخمەت غەزەپلەنگەن ھالدا، ئېتىلىپ بېرىپ ئايالىنىڭ گېلىنى بوغۇپ ئۇنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەمدە شۇ كۈنى كەچتە جەسەتنى تاغارغا قاچىلاپ تاشلەن يېزىنىڭ ساناەت ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنىڭ ھاجەتخانىسىغا تاشلىۋەتكەن.

20 - چېسلا، ئاكىسى ئەمەت ئۆيگە كەلگەندە ئەخمەت خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئېيتىپ بەرگەن. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن شۇ كۈنى كېچىدە جەسەتنى ماشىنىغا سېلىپ قارلىشەھەر كونا شەكەر زاۋۇتىنىڭ كەينىدىكى زەي ئاققۇزۇش ئېرىقى ئىچىگە تاشلىۋەتكەن.

ئائىلە زىددىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئايالىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىۋېتىش دېلوسى ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىلىرى كادىر -ساقچىلىرىنىڭ جاپالىق كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق تولۇق پاش قىلىندى.

رازىيە ئېزىز(ت)



# «ساقچى» ئوغرىلىغان ئالۋاستى



ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

1

كەچكۈز كىرىشى بىلەن تۇرپان دېھقانلىرى تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىشىدۇ. ئۈزۈمچىلىك بېزا × × مەھەللىسىدىكى ئا × ×نىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ باشقا دېھقانلارغا ئوخشاش ئالدىراش بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئېتىزدىكى تەك ۋە باشقا زىرائەتلەرنى يىغسا، يەنە بىر تەرەپتىن بازاردا ئۈزۈمنىڭ باھاسىنىڭ ئۆرلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، چۇنجىدىكى قۇرۇپ قالغان ئۈزۈمنى تازىلاپ، سېتىپ ياخشى پۇل قىلىشقا ئالدىرايتتى. 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئا × × سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ تەكلىككە كەتتى. ئا × ×نىڭ ئايالىمۇ ناشتا قىلىپلا چۇنجىدىن چۈشۈرۈپ قويغان ئۈزۈملەرنى تاللاشقا كىرىشتى. ئۇ 17 ياشقا كىرىپ قالغان قىزى × ×نى ئۈزىگە ياردەملەشتۈرۈش ئۈچۈن چاقىردى. قىزى هويلىغا چىقتى. ئۇ قىزىنىڭ تويغا بارىدىغاندەك ياسىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

- مەن سېنى ئىش قىل دەپ چاقىرسام، تويغا بارىدىغاندەك ياسىنىپ چىقىپسەنغۇ، -دەپ دوق قىلدى. قىزى:

-بۈگۈن م × × نىڭ تويى، مەن ئۇنىڭغا تويىڭغا قاتنىشىپ بېرىمەن دەپ قويغان، شۇ تويغا بارماقچى، -دېدى.

ئاپىسى قىزىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پەسكويغا چۈشۈپ:

- بوپتۇ بارغىن، تولا كېچىكىپ كەتمە، ئاتاڭ كەلسە خاپا بولىدۇ، - دەپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئېتىزدىن قايتىپ كەلگەن ئا × ×ئايالىنىڭ يالغۇز ئۈزۈم تاللاۋاتقانلىقىنى، تاماقنىڭ تەييار بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ قىزىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇ قىزىنىڭ تېخى تويدىن قايتىپ چىقمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئاچچىقى كەلدى-دە، كىچىك ئوغلىنى بۇيرۇپ، قىزىنى چاقىرتىپ چىقىپ ئۇنىڭغا كۆپ كايىدى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سەھەر، ئۇ قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ناشتا قىلىپ بولۇپ بىر دوستى بىلەن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ شەھەرگە يول ئالدى. قىزنىڭ ئاپىسى خېلىدىن كېيىن قىزىنىڭ بىر دوستى بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ئاچچىقىغا هاي بېرىپ ئۆز ئىشىنى قىلدى.

ئۇ قىز شەھەردە دوستى بىلەن تاماشا قىلىپ تونۇگۈنكى خاپىلىقلارنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك يەڭگىللىشىپ قالدى. كەچ كىردى. ئۇ قىز ئۆيىگە قايتىشنى ئويلاپ يەنە غەمگە چۆكتى. چۈنكى ئاپىسىغا ئېيتىپ قويماي شەھەرگە كىرگەچكە ئاپىسىنىڭ يەنە دەشنام بېرىشى ئېنىق ئىدى. ئۇ ئاپىسىدىن دەشنام ئاڭلاشتىن قېچىپ دوستىغا:

- مەن تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالىمەن، ئاپامغا ئېيتىپ قوي، -دەپ دوستى بىلەن خوشلاشتى.

قىز كېچە سائەت 10 دىن ئاشقاندا، تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن تۇرپان شەھىرى باشلار يولىدىكى ئۈزۈم بارانگلىق يولغا چۈشۈپ، شىمال تەرەپكە قاراپ خىيال بىلەن ئاستا ماڭدى. يول بويىدىكى چىراغلار بارانگ ئاستىنى قىزنىڭ كۆڭلىدەك گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. توساتتىن

FAZHIZONGCHENG





ئۇنىڭ كەينىدىن بىر ئاپتوموبىلنىڭ كۈچلۈك چىراغ يورۇقى كەلدى. ئۇ ئۆزىنى يولنىڭ چېتىگە ئالدى. ئاپتوموبىل ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ توختاپ ئىچىدىن بىرى چۈشۈپ قاراپ تۇردى. قىز ئاپتوموبىلنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىشىگە:

— ھەي سىڭىل، بۇ كېچىدە ئۆزىڭىز يالغۇز نەگە ماڭدىڭىز؟ سىز جەمئىيەتنىڭ قالايمىقان ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟ جۈرۈڭ، بىز سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويايلى، — دېدى.

— مەن سىلەرنى تونۇمىسام، نېمە دەپ سىلەر بىلەن ماڭغۇدەك. مەن، مېنىڭ ئۆيۈم × × مەھەللىسىدە، مەن تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە كېتىپ بارىمەن، — دەپ ماڭماقچى بولدى قىز.

ئۇ يات ئادەم قىزنىڭ ئالدىنى توسۇپ، يېنىدىن بىر كىنىشكىنى چىقىرىپ:

— مېنىڭ ئىسمىم ل × ×، ئۆزۈم ساقچى، مەن ساقچى بولغاچقا سىزنى كېچىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قالمىسۇن دەپ ياردەم قىلاي دېدىم، بولمىسا ئۆز يولۇمغا كېتىۋېرەتتىم، — دېدى.

قىز ل × ×نىڭ كىنىشكىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستى بېشىغا قارىدى. ل × × قىزنىڭ دېلىغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ:

— بىز ساقچىلار بەزىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا پۇقراچىمۇ كىيىنىمىز، —دېدى.

قىز ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنسىمۇ، ئاپتوموبىلغا ئىككىلىنىپ چىقىپ، يەنە ئۈچ ئادەمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىككى يېنىغا قارىغانىدى، ل × × يەنە:

— بىز يېڭى بېكەتكە تاماق يېگىلى كېتىۋاتقان، سىزمۇ بىز بىلەن بىرگە بېرىپ تاماق يەڭ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن سىزنى بارىدىغان يېرىڭىزگە ئاپىرىپ قويايلى، —دېدى.

ئاپتوموبىل تۇرپان شەھەر يېڭى بېكەتكە يېتىپ بارغاندا بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئاشخانا خوجايىنى كەچ بولۇپ كەتكەچكە تاماق قىلىپ بېرىشكە ئۇنىمىدى. ئۇلار بىر نەچچە ئاشخانىغا بېرىپ تاماق تاپالمىدى. بۇ چاغدا ئۇ قىز ئۇلارنىڭ «ساقچى»لىقىدىن گۇمانلىنىپ، ئاپتوموبىلغا چىقىشقا ئۇنىمىدى. ل × × قىزنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ مەجبۇرىي ئاپتوموبىلغا چىقىرىپ چىڭ تۇتۇۋېلىپ ھەرىكەت قىلدۇرمىدى. ئاپتوموبىل شەرققە قاراپ مېڭىپ دۆلەت 312 - تاشيولى بويىلۇق پۇل يىغىش ئورنىغا كېلىپ توختىدى. قىز ئۆزىگە پاناھلىق ئىزدەپ پۇل يىغقۇچىغا ۋارقىرىماقچى بولغانىدى، ئۇلار قىزنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋېلىپ ۋارقىراتمىدى، قىزنىڭ پۇت قولىنى تۇتۇۋېلىپ ھەرىكەت قىلدۇرمىدى. شوپۇر پۇلنى تۆلەپ ئاپتوموبىلنى ئورنىدىن قوزغىدى. بۇ چاغدا پۇل يىغىۋاتقان ئايالمۇ بىر ئىشنى سەزگەندەك ئاپتوموبىلغا دىققەت بىلەن قاراپ قالدى. قىز بۇنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ ئۇ ئايالغا ھېچقانداق شەپە بېرەلمەي قالدى. ئاپتوموبىل تۇرپان شەھەر ئۈزۈمچىلىك يېزا توشقانبۇلاق مەھەللىسىگە كەلگەندە ل × ×:

—سىزنى توشقانبۇلاقنىڭ يولى بىلەن ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويايلى، —دەپ چوڭ يولدىن جەنۇبقا قايرىلدى. قىزمۇ بۇ يول بىلەن ئۆز ئۆيىگە كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە جىم ئولتۇردى. ئۇلار توشقانبۇلاقتىن چىقىپ جەنۇبقا 500 مېتىردەك مېڭىپ توختاپ، قىزنى ئاپتوموبىلدىن تارتىپ چۈشۈردى. قىز شۇ چاغدىلا ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئاكىلار، سىلەرنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش سىڭىلىڭلار باردۇ؟ ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، ماڭا چېقىلماڭلار، —دەپ يالۋۇردى.

لېكىن شەھۋانىي نەپسى ئۆرتىكىسىدە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھايۋانلار قىزنىڭ نالە - زارىغا قارىماي، بىرى قىزنىڭ قولىنى تۇتسا، بىرى قىزنىڭ پۇتىنى تۇتتى، ئۇلاردىن ئە × ×دېگىنى ئالدى بىلەن قىزنى ئاياق ئاستى قىلدى. ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قىزغا باسقۇنچىلىق قىلدى. ئۇلار مەقسەتلىرىگە يەتكەندىن كېيىن قىزنى ئاپتوموبىلغا سېلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ماڭدى. قىز كۆڭلىدە ئۆيىگە قايتىشنى ئەمەس، دېلو مەلۇم قىلىشنى ئويلاپ، ئۆز مەھەللىسىگە بارغاندا ئاپتوموبىلدىن چۈشمەي ساقچىخانىغا يېقىن يەرگە بېرىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى يەنە ئۆزگەرتتى. ئۇلار قىزنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ قىزنى تۇرپان شەھەر ئۈزۈمچىلىك يېزا مۇنار كەنتىگە ئېلىپ كەلگەندە، قىز يەنە ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى ئۆزگەرتكەنىدى. ئۇلار قىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى سېزىپ قېلىپ، قىزنى شۇ يەردە ئاپتوموبىلدىن چۈشۈرۈۋېتىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يىراقلاپ كەتتى.

2

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېچە، ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 1 دىن ئاشقانىدى. قىز تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئۈزۈمچىلىك يېزا ساقچىخانىسىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىق دېلوسىنى مەلۇم قىلدى. ساقچىخانىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان خادىم قىزنى ئۈزۈمچىلىك ساقچىخانىسىدا تۇرۇشلۇق جىنايى ئىشلار رازۋېدكا 4 - ئوتتۇرا ئەترىتىگە باشلاپ كىردى. 4 - ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقى ئالىم سېيىت نۆۋەتچى ئىدى.

قىز يىغلاپ تۇرۇپ:



-مەن ئاخشام شەھەردىكى بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە قونۇپ قېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتسام، بىر ماشىنا يېنىمغا كېلىپ توختاپ ئىچىدىن بىرى چۈشۈپ ساقچىلىق كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ، مەن ساقچى، ئۆيىڭگە ئاپىرىپ قويىمەن دەپ ماشىنىغا سېلىپ، توشقانبۇلاقنىڭ ئايىغىغا ئېلىپ بېرىپ مەجبۇرىي باسقۇنچىلىق قىلدى، -دەپ دېلو مەلۇم قىلدى.

ئالىم سىيىت دېلو ھەققىدە خاتىرە يېزىۋېتىپ، بۇ دېلونىڭ ئادەتتىكى باسقۇنچىلىق دېلوسى ئەمەس، ۋەھشىيلىك بىلەن نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلغان زور دېلو ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دېلو خاتىرىسىنى يېزىپ بولۇپلا، دەرھال شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇختەر ئىبراھىمغا تېلېفون بەردى. مۇختەر ئىبراھىم دېلودىن خەۋەر تېپىپ:

-سىز ئەترىتىمىزدىكى باشقا رازۋېدكىچىلارغا خەۋەر قىلىۋېتىڭ، ئۇلار دەرھال ئىدارىگە يىغىلسۇن، سىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى ئېلىپ ئىشخانامغا كېلىڭ، -دېدى.

مۇختەر ئىبراھىم ئىشخانىغا كىرىشىگە ئالىم سىيىت زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىزنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. كەينىدىنلا رازۋېدكىچى ئىمىنجان مەخمۇت، گۈلشازاد مۇھەممەت ئىشخانىغا ھازىر بولدى. مۇختەر ئىبراھىم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىلەن سۆھبەتلىشىپ دېلو ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە كىرىشىپ، جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ تۆت ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىن ل × × دېگەن بىرىنىڭ «مەن ساقچى» دەپ يېنىدىن كىنىشكىسىنى چىقىرىپ قىزنى ئەخمەق قىلىپ، نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلغانلىقىنى، جىنايەت گۇماندارلىرى ئىشلەتكەن ئاپتوموبىلنىڭ قوش ئورۇندۇقلۇق كىچىك تىپتىكى ھاۋارەڭ ئاپتوموبىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ، رازۋېدكىچىلارغا:

- بۇ چوڭ دېلو ئىكەن، يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ شەنىمىزگە داغ تەگكۈزىدىغان دېلو ئىكەن، شۇڭا بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن بۇ دېلونى پاش قىلىشىمىز كېرەك، - دەپ دەرھال دېلو تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، گۇرۇپپىغا ئۆزى مەسئۇل بولدى. ئۇ دېلو تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى رازۋېدكىچىلارنى يەنە ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، 1 - گۇرۇپپىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىزنى بىرگە ئېلىپ، جىنايەت گۇماندارلىرى ماڭغان يول، بارغان ئاشخانا، نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ، دېلوغا مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچى تېپىپ چىقىش، 2 - گۇرۇپپىدىكى رازۋېدكىچىلار جىنايەت گۇماندارلىرى ئولتۇرغان ئاپتوموبىلغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ، دېلوغا مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچى تېپىپ چىقىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ دەرھال تەكشۈرۈشكە ئاتلاندى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سەھەر. تاڭ ئېتىشى بىلەن مۇختەر ئىبراھىم رازۋېدكىچىلارنى خىزمەت تەقسىماتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى بىر گۇرۇپپىنى باشلاپ قىزنى ئېلىپ ماڭغان يول، بارغان ئاشخانا، نەق مەيداننى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇلار تۇرپان شەھىرى يېڭى بېكەتتىكى دۆلەت 312 - تاشيولى بويىغا جايلاشقان ئاشخانىلارنى تەكشۈردى. ئاخىرى بىر ئاشخانىنىڭ خوجايىنى:

- ئاخشام سائەت 11 لەردە بىر كىچىك ماشىنىدا تۆت ئەر، بىر قىز كېلىپ تاماق يەيمىز دېگەن، كەچ بولغاچقا تاماق يوق ئىدى. قىز ئۇلار بىلەن بىرگە ماڭمايمەن دېگەنىدى، ل × × دېگىنى يېنىدىن كىنىشكىسىنى چىقىرىپ، مەن ساقچى دەپ قىزنى مەجبۇرىي ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى، -دەپ ئىنكاس قىلدى.

- سىز ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزىغا دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ ئۇلار ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ نومۇرى قاند-چىكەن؟

-ئۇلار قويۇق يەرلىك تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىكەن، مەن ماشىنىنىڭ نومۇرىنى ئەسلەپ باقاي، ياق، ماشىنىنىڭ نومۇرىغا دىققەت قىلماپتىمەن، لېكىن ماشىنىغا ئۈرۈمچىنىڭ نومۇر تاختىسى ئېسىلغان، بۇنى ئېنىق كۆردۈم، خاتا ئەمەس.

مۇختەر ئىبراھىم بۇ ئىنكاسقا ئاساسەن، ئاپتوموبىلنى تەكشۈرۈش دائىرىسىنىڭ تارايغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال ئاپتوموبىل ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان گۇرۇپپىدىكى رازۋېدكىچىلارغا خەۋەر بېرىپ، نەق مەيدان تەكشۈرۈشكە ماڭدى. لېكىن قىز نەق مەيداننى تېپىپ بېرەلمىدى.

شۇ كۈنى مۇختەر ئىبراھىم ئۆزىمۇ ئاپتوموبىل ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان رازۋېدكىچىلارغا قوشۇلۇپ، شەھەر ئىچى، شەھەر ئەتراپىغا كىرا توشۇۋاتقان شۇ خىل ئاپتوموبىللارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئىنچىكە تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ قىزغا شۇ خىل ئاپتوموبىللارنىڭ شوپۇرلىرىنى تونۇتۇش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش ئۈچ كۈن داۋاملىشىپ شەھەر ئىچى، شەھەر ئەتراپىدىكى شۇ خىل ئاپتوموبىللار بىرمۇبىر تەكشۈرۈلۈپ تۈگىگەن بولسىمۇ، دېلو تەكشۈرۈشتە ھېچبىر ئىلگىرىلەش بولماي يىپ ئۇچى ئۈزۈلۈپ قالدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ راز-



ۋېدكىچىلارنىڭ بېشى قاتتى.
مۇختەر ئىبراھىم قىز بىلەن يەنە
بىر نۆۋەت سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى
مۇۋاپىق كۆرۈپ قىزغا:
- سىز ئۇلارنىڭ قانداق تە-
لەپپۇزدا سۆزلەشكەنلىكىنى، ئى-
سىم - فامىلىسىنىڭ نېمە ئى-
كەنلىكىنى قايتا ئەسلەپ بېقىڭ،
-دېدى.
- مەن «ساقچى» دەپ كى-
نىشكىسىنى كۆرسەتكىنىنىڭ
ئىسمى ل × × ، مەن بۇ ئىسمە-
نى كىنىشكىدىمۇ كۆرگەن، لې-
كىن قالغان ئۈچىسى بىر - بى-
رىنىڭ ئىسمىنى تورۇپ ئۇنى
دەپ، تورۇپ بۇنى دەپ چاقىرغاچقا
ھەقىقىي ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەن-
لىكىنى راستىنلا بىلەلمىدىم.
مەن ئۇلارنىڭ يالغان ئىسىم قول-
لىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بىرگە
ماڭمايمەن دېسەم، ئۇلار مېنى
مەجبۇرىي ماشىنىغا چىقارغان.
- ئۇلارنىڭ چىراي شەكلى،
بوي تۇرقى يادىڭىزدا بارمۇ؟
-ل × ×35 ياشلار ئەتراپى-
دا، پاكار، دوغىلاق، قارامتۇل، كۆزى
چوڭ، ئىنجىقلاپ سۆزلىگەندەك
گەپ قىلىدۇ، يەنە بىرى ئورۇق،
25 ياشلار ئەتراپىدا، پاكار، ئاۋازى
بوم چىقىدۇ، يەنە بىرى 30 ياشلار
ئەتراپىدا، ئېگىز، چېچى ئۇزۇن،
ئورۇق، چىرايى بۇغداي ئۆڭ، سۆزۈن-
چاق. يەنە بىرى 40 ياشلار ئەتراپىدا،
ئېگىز، سېمىز، بۇغداي ئۆڭ.
بۇ نۆۋەت قىز جىنايەت گۇ-
ماندارلىرىنى خېلى ئېنىقكە، ئې-
نىق سۈرەتلەپ بېرەلىدى. مۇختەر
ئىبراھىم رازۋېدكىچىلارغا جىنا-
يەت گۇماندارى ل × ×نىڭ ئىس-
مىنى ئاساس قىلىپ ھەر قايسى
يېزا بازارلاردىكى ساقچىخانىلارغا
ماسلىشىپ، نوپۇس تەكشۈرۈشنى
ئورۇنلاشتۇردى. رازۋېدكىچىلار
ئالدى بىلەن چىچان بازىرى، چاتقال
يېزىسىدا ئاپتوموبىللارنى تەك-
شۈرۈش بىلەن بىرگە نوپۇس تەك-
شۈرۈش ئېلىپ باردى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى-
گىچە، رازۋېدكىچى ئالىم سې-
يىت، ئىمىنجان مەخمۇت، گۈل-
ئازاد مۇھەممەت چىچان بازىرىدا
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ھېچ-
قانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي،
چاتقال يېزىسىدا تەكشۈرۈش ئې-
لىپ بېرىۋاتاتتى. مۇختەر ئىبرا-
ھىم شۇ كۈنى كەچ سائەت 8 دە
ئۇلارنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ،
دېلو تەكشۈرۈشتىن دوكلات ئال-
غاندىن كېيىن ئەھۋالدا ئىلگىرى-
لەش بولمىغانلىقىنى بىلىپ:
- سىلەر زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغۇچىنى ئېلىپ ئۇلار ماڭ-
غان يول بىلەن نەق مەيدانغا يەنە بىر
قېتىم بېرىپ كېلىڭلار، ئۇنىڭ
ئېسىگە بىرەر ئىش كېلىپ قالسا
ئەجەب ئەمەس، - دېدى.
ئىمىنجان مەخمۇت، گۈلئازاد
مەھەممەت قىزنى ئېلىپ نەق
مەيداننى كۆرسىتىپ كونا ئەسلى-
مىلەر ئىچىدىن يېڭى يىپ ئۇچى
تېپىشقا كىرىشتى. شۇ چاغدا
ئالىم سېيىت مۇختەر ئىبراھىم-
غا:
-مەن يېڭى بېكەتنىڭ
غەربىدىكى ئاشخانىلار يېنىدىكى
بىر مېھمانسارايدا شۇ تىپتىكى
ماشىنىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپ-
تىم، - دەپ ئۇنى باشلاپ ئاپتو-
موبىلنى تەكشۈرۈشكە باردى. ئۇ
ئاپتوموبىلنىڭ شەكلى ئوخشاش
بولسىمۇ باشقا تەرەپلىرى ئوخ-
شاش چىقمىدى. ئۇلار ئىشخانىغا
قايتىپ كېلىشىگە ئىمىنجان
مەخمۇت، گۈلئازاد مەھەممەت
قىزنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. قىز
كەچ بولۇپ كەتكەچكە ھېچ نەر-
سىنى پەرق ئېتەلمىگەنلىكىنى،
يادىغا ئالالمىغانلىقىنى ئېيتتى.
ئىشخانىنىڭ ئىچى سۈكۈت-
كە چۆككەن ئىدى. رازۋېدكىچى-
لار ئېغىر خىيال ئىلكىدە تەپەك-
كۇر يۈرگۈزەتتى. مۇختەر ئىبرا-
ھىم بىر تال تاماكىغا ئوت تۇتاش-
تۇرۇپ ئاچچىق شوراپ:

- بىز ئىشلىتىدىغان كى-
نىشكىلىرىمىزنى كۆرسىتىپ با-
قايلى، - دەپ يېنىدىن كىنىشكى-
نى چىقىرىپ كۆرسەتتى. ئۇ قىز:
- بۇ خىل كىنىشكە ئە-
مەس، ئۇ ئېچىلىپ يېپىلىدىغان
كىنىشكىنى كۆرسەتكەن، - دې-
دى.
مۇختەر ئىبراھىم جىنايەت
گۇماندارىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇل-
غان كىنىشكىنى كۆرسىتىپ ئال-
دامچىلىق قىلغانلىقىنى ھېس
قىلىپ، يېقىندا كىملەرنىڭ ج خ
سىپىدىن چېكىنىپ چىققانلىقى-
نى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىر
نەچچە گۇمانلىق نۇقتىنى كۆز-
لىگە پۈكتى. شۇ چاغدا ئۇ قىز:
- شۇ ئاخشىمى ئۇلار بۆي-
لۈق پۇل يىغىش ئورنىدا پۇل تاپ-
شۇرغاندا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان
ئايال ماشىنىغا سەپسېلىپ دىققەت
بىلەن قارىغان ئىدى، - دېدى.
رازۋېدكىچىلار دەرھال بۆيلۈق
پۇل يىغىش ئورنىغا باردى. لېكىن
ئۇ ئايال شۇ ئاخشىمى ئىشلىمە-
گەنىدى. باشقىلارنىڭ بۇ ئىشتىن
خەۋىرى بولمىغاچقا ئىشخانىغا
قايتىپ كەلدى. رازۋېدكىچىلار دې-
لو ئۈستىدە خىيال سۈرەتتى.
مۇختەر ئىبراھىم:
- يادىمغا يار يېزا گوبى
كەنتىدە بىرسىنىڭ شۇ خىلدىكى
ماشىنىسىنىڭ بارلىقى كېلىۋاتى-
دۇ، بىر چاغدا نېمە ئىش بىلەن ئۇ
ماشىنىنى تۇتقان، دەپ باشقىلارغا
سوئال قويدى. -ئىمىنجان مەخمۇت:
- راست، گوبى كەنتىدە شۇ
خىلدىكى ماشىنىدىن بىرى بار،
ئۇنى ئىگىسى ئادەتتە ئىشلەتمەي-
دۇ، بىز ئۇ ماشىنىنى زاڭ مال تو-
شۇغان، دەپ توختىتىپ قويغان
ئەمەسمۇ؟ - دېدى. مۇختەر ئىبرا-
ھىم:
- دەرھال شۇ ماشىنىنى
تەكشۈرەيلى، - دېدى.
مۇختەر ئىبراھىم
رازۋېدكىچىلارنى باشلاپ



كېچىدە يار يېزا گوبى كەنتىگە شۇ ئاپتوموبىلنى تەكشۈرۈشكە باردى. ئاپتوموبىل ئىگىسى ئاپتوموبىلنى تۇرپان شەھەر قارغۇجا يېزىسىدىكى بىرىگە سېتىۋەتكەنلىكىنى ئىنكاس قىلدى. مۇختەر ئىبراھىم سائەتكە قارىدى. كېچە سائەت 10 دىن ئاشقانىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى رازۋېدكىچىلارغا قاراپ:

- ۋاقىتنى كېچىكتۈرمەي، گۇمانلىق ئوبيېكتلارنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي تەكشۈرەيلى، -دەپ ئالىم سىبىيت، ئىمىنجان مەخمۇت، گۈلئازاد مەھەممەتلەرنى ئېلىپ قارغۇجا يېزا ساقچىخانىسىغا كېلىپ شۇ خىلدىكى ئاپتوموبىللارنى تەكشۈردى. لېكىن ئاپتوموبىل تېپىلمىدى. ئۇلار شۇ كېچىسىلا ئاستانە يېزا ساقچىخانىسىغا باردى. مۇختەر ئىبراھىم ساقچىخانا باشلىقى مەمەت سەمەتكە دېلو ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن ج خ ساھەسىدىن چېكىنىپ چىققان گۇمانلىق ئوبيېكتلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ:

- بىزگە بۈگۈن مۇشۇ ساقچىخانىدا ئىشلىگەن بىرلەشمە ئامانلىق مۇداپىئە خادىملىرىنىڭ ئارخىپىنى بېرىڭ، -دېدى. ئۇ ئارخىپنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ئا × × دېگەننىڭ ئارخىپىغا قاراپ، بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك دىققەت بىلەن كۆزەتتى. بۇنى سەزگەن مەمەت سەمەت:

- ئا × × 1999 - يىل 3 - ئايدا خىزمەتتىن چېكىنگەن، - دېدى.

مۇختەر ئىبراھىم ئا × × نىڭ ئارخىپىدىكى سۈرىتىنى قىزغا كۆرسەتتى. قىز سۈرەتنى كۆرۈپ:

- ئوخشاش تۇرىدۇ، دەل ئۇ. زى شۇ دېيەلمەيمەن، -دېدى.

مۇختەر ئىبراھىم بۇ چاغدا ئا × × نىڭ سۈرىتىگە قايتا قاراپ، ئىلگىرى ئۇ بىرلەشمە ئامانلىق خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقىتتا كۆرۈشكەنلىكى سۆزلەش ئادىتى، مېڭىش تۇرۇشىنى يادىغا كەلتۈرۈپ ئۇ قىزغا ئېيتىپ بەرگەنىدى. قىز:

-دەل ئۇزى شۇ، -دېدى.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېچە، ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 1 دە، ئا × × ئاستانە يېزا ساقچىخانىسىغا ئېلىپ كېلىنىپ قىزغا سىرتتىن تونۇتۇلدى. قىز ئا × × نى كۆرۈپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

رازۋېدكىچىلار ئا × × نى نەق جىنايەت گۇمانلىرى دەپ جەزملەشتۈرۈپ سوراق قىلدى. ئا × × ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشىنى ئىقرار قىلىش بىلەن بىرگە، شېرىكلىرى ئە × × ، غ × × ، ت × × لەرنى پاش قىلدى.

نۇۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلغان جىنايەت گۇماندارلىرى ئە × × ، ئا × × ، غ × × ، ت × × لەر 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قانۇن بويىچە توختىتىپ قويۇلۇپ، تۇرپان شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «نۇۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى» بىلەن قولغا ئېلىندى.

# «سۈرەتتىكى سىر»نىڭ جاۋابى

دەرەخ كۆتىكىدىكى يىل ھالقىلىرىنىڭ شالاڭ - زىچلىقىغا ئاساسەن تەرەپنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان بولۇپ، ئادەتتە يىل ھالقىلىرى زىچ بولغان تەرەپ شىمالنى، شالاڭ بولغان تەرەپ جەنۇب تەرەپنى كۆرسىتىدۇ.
سۈرەتتىكى دەرەخ كۆتىكىنىڭ يىل ھالقىلىرىغا ئاساسەن سۈرەتتىكى تەرەپلەرنى «خەرىتىدىكى تەرەپلەر» نى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنى سۈرەتنىڭ ئوڭ تەرىپى شىمال، سول تەرىپى جەنۇب، ئۈستى تەرىپى غەرب، ئاستى تەرىپى شەرق تەرەپ بولىدۇ.
كۈزلۈك كۈن - تۈن تەڭلەشكەن مەزگىلدىكى ھاۋا ئۇچۇق كۈنلەردە چۈشتىن كېيىن سائەت ئۇچلەردىكى قۇياش نۇرى غەربىي جەنۇب تەرەپتىن ئۇرۇلىدىغان بولۇپ، ئادەمنىڭ سايىسى شەرقىي شىمال تەرەپكە چۈشىدۇ، چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇز ياكى ئون ئەتراپىدا تارتىلغان سۈرەتلەردە، قۇياش نۇرى شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن ئۇرۇلىدىغان بولۇپ ئادەمنىڭ سايىسى دەل سۈرەتتىكى ئورۇن ئەتراپىغا چۈشىدۇ. دېمەك سۈرەت ئەتىگەن سائەت 9 ياكى ئون ئەتراپىدا تارتىلغان. ساقچى بۇ ھۆكۈمگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئايالنى دېلو يۈزبەرگەن نەقمەيدانغا بېرىپ دېلو سادىر قىلىش ئېھتىماللىقى بار، دەپ قاراپ ئۇنىڭ نەقمەيداندا يوقلىقىدىن گۇمانلانغان.

ساتتار ئىبراھىم



# كومېدىيىلىك ئويۇن ئوينىغان «ساقچى»نىڭ دامىغا چۈشكەن «خېنىم»




1

1999 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سۇڭ خېنىمغا نىسبەتەن زۇلمەتلىك بىر دۈشەنبە بولدى.

23 ياشلىق سۇڭ خېنىمنىڭ ئائىلىسى بورتالا بېزا ئىگىلىك 5 - شىسىنىڭ مەلۇم تۈەنىدە بولۇپ، ھازىر ئۇ سانجى شەھىرىدىكى تانسىخانىدا «خېنىم» بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، سۇڭ خېنىمنىڭ «نوكىيا» ماركىلىق يانفونى پات - پات سايراپ تۇردى. سائەت 10 لار ئەتراپىدا ۋاڭ دۇڭ ئىسىملىك بىر يىگىت ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، بىللە بازار چۆرگىلەشكە تەكلىپ قىلىدى ھەمدە سۇڭ خېنىمغا نەرسە - كېرەك ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سۇڭ خېنىم ۋاڭ دۇڭ بىلەن تېخى بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىلا مەلۇم بىر تانسىخانىدا تونۇشقانىدى. بوي - تۇرقى قاملاشقان، سۆزمەن بۇ يىگىتنىڭ سېخىيلىقى سۇڭ خېنىمنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتكەنىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى سۇڭ خېنىمنىڭ ۋاقتى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچىسى سۇڭ خېنىمنى قاتتىق باشقۇرىدىغانلىقى سەۋەبلىك ۋاڭ دۇڭنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغانىدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋاڭ دۇڭ سۇڭ خېنىمغا ئارقا ئارقىدىن تېلېفون بېرىشكە باشلىدى،

سۇڭ خېنىم كۆڭلىدە: «ئىچ پۇشۇقىمنى چىقىرىش ئۈچۈن ئوينىشىپ قويسام راست دەپ قالغان چېغى، ئەخمەق!» دەپ ئويلىدى. سائەت 13 تە سۇڭ خېنىم «ياجۇڭ» كۆكتات بازىرىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە يانفونى يەنە سايرىدى. ئەسلىدە ۋاڭ دۇڭ سۇڭ خېنىمنى سائەت 15 بىرىملاردا سانجى سودا سارىيىدا ساقلايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ چىرايلىق كىيىنىپ چىقىشىنى تاپىلاپ تېلېفون بەرگەنىدى.

سۇڭ خېنىم سەل - پەل ياسانغاندىن كېيىن، دېيىشىپ قويغان ۋاقىتتا سانجى سودا سارىيىغا يېتىپ كەلدى، ۋاڭ دۇڭ سۇڭ خېنىمنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى باشلاپ سانجى شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف مېھمانخانىسىنىڭ 203 - نومۇرلۇق ياتىقىغا كەلدى. ياتاققا كىرگەندىن كېيىن ۋاڭ دۇڭ سۇڭ خېنىمغا 500 يۈەننى تەڭلەپ، ھېلىقىدەك مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. سۇڭ خېنىممۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلمىدى. ئۇلار ئىشنى تۈگىتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئىشىكنىڭ چېكىلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. سۇڭ خېنىم ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن تەڭ ئۈچ كىشى ياتاق ئىچىگە يوپۇرۇلۇپ كىردى. ئۇلار پەس ئاۋازدا: «بىز سانجى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىدىن» دېدىدە، ساقچىلىق كىنىشكىسىنى سۇڭ خېنىمغا غىل - پال



كۆرسىتىپ قويدى. ئۆزىنى خۇ ئەترەت باشلىقى دەپ ئاتىۋالغان 40 ياشلار ئەتراپىدىكى، قولىغا سۈرەتلىك تاپانچا ئېلىۋالغان بىرسى ۋاڭ دۇڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئۇ زەھەر ساتقۇچى» دېيىشى بىلەن تەڭ 30 نەچچە ياشلاردىكى ئىككى ئادەم كېلىپ ۋاڭ دۇڭنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. ئۆزىنى خۇ ئەترەت باشلىقى دەۋالغىنى سۈڭ خېنىمنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ 1500 يۈەن نەق پۇل، 500 يۈەن قەرەلسىز قويۇلغان پۇل چېكى ۋە بىر دانە يانفوننى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نومۇسىنى ساتقان ساتمىغانلىقىنى سورىدى. سۈڭ خېنىم «ساتمىدىم» دەپ جاۋاب بېرىۋاتقاندا ۋاڭ دۇڭنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئىككىسى قايتىپ كىرىپ، خۇ ئەترەت باشلىقىغا پەس ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىشى بىلەن تەڭ، خۇ ئەترەت باشلىقى ئاچچىقلاپ، سۈڭ خېنىمنىڭ كاچىتىغا ئىككى تەستەك سالدى، ھېلىلا ئىشلىتىپ تاشلىۋەتكەن ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش قاپچۇقىنى قولىغا ئېلىپ: «ۋاڭ دۇڭ ئاللىقاچان ئىقرار قىلغان تۇرسا، سەن يەنە ئىقرار قىلمامسەن؟» دېدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن سۈڭ خېنىم ئامالسىز ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتتى. خۇ ئەترەت باشلىقى يەنە ئۇنى ئەيىبلەپ: «دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلەردە، مۇشۇنداق ئىشنى قىلامسىلەر! سەن بۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ يىلدىن كۆپ تۈرمىدە ياتىسەن» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن سۈڭ خېنىم، خۇ ئەترەت باشلىقىدىن كەينى ـ كەينىدىن كەچۈرۈم سورىدى. خۇ ئەترەت باشلىقى: «سېنىڭ بىچارىلىكىڭنى كۆزدە تۇتۇپ، پەقەت 50 مىڭ يۈەنلا جەرىمانە قويساق بولىدۇ» دېدى. سۈڭ خېنىم: «بەش مىڭ يۈەن جەرىمانە قويساڭلارمۇ بولىدىغۇ» دېگەندە، خۇ ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭغا ھۆرپىيىپ: «سەن بىزنى تىلەمچى كۆرۈۋاتامسەن؟ 20 ـ 30 مىڭ يۈەن بولامدۇ» دېدى. سۈڭ خېنىم ھازىر يېنىمدا پەقەت مۇشۇلا پۇل بار، ئاچامنىڭ ئۆيىدە يەنە تۆت مىڭ يۈەن پۇلنىڭ چېكى بار» دېدى.

سۈڭ خېنىم بىلەن بۇ ئۈچ «ساقچى» كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ سۈڭ خېنىمنىڭ ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ پۇل چېكىنى ئالماقچى بولدى. ئۇلار ئەمدىلا بىنانىڭ ئالدىغا كېلىشىگە سۈڭ خېنىمنىڭ ئاچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. سۈڭ خېنىم ئاچىسىغا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى «كەسپى»نى قىلىپ ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتى. ئاچىسى ئۇنى راسا بىر تىللىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تۆت مىڭ يۈەن پۇلنىڭ چېكىنى بەردى. ئىككى «ساقچى» سۈڭ خېنىمنى پۇل ئامانەت قويۇش ئورنىغا بىللە ئېلىپ بېرىپ پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، چاڭنىڭ يولىغا كەلگەندە، سۈڭ خېنىمغا: «ئەتە چۈشتىن ئىلگىرى ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىدىكى ئەترەت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ يانفوننى ئېلىۋال» دەپ، ئۇنى كىرا ماشىنىسىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆزلىرى يەنە شۇ ماشىنا بىلەن شەرققە قاراپ كېتىپ قالدى.

2

بۇ كومېدىيىنى ئوينىغانلار نەدىمۇ ساقچى بولسۇن! ئۇلار مەخسۇس «ئالدامچىلىق» سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر توپ گىزمەندىلەر ئىدى. «ئالدامچىلىق» دېگەن نېمە؟ ئۇلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «ئالدى بىلەن خېنىملارغا ئازراق پۇل خەجلەپ بېرىپ، ئارقىدىنلا ئۇلاردىن كۆپ پۇل ئۇندۇرۇش» خالاس.

ئۆزىنى خۇ ئەترەت باشلىقى دەپ ئاتىۋالغىنىنىڭ ھەقىقىي ئىسمى لى خەي بولۇپ، خۇ جيايىڭ ئۇنىڭ يالغان ئىسمى، 38 ياش، ئەسلىدە قاراماي جەرەنبۇلاق قۇدۇق بۇرغىلاش شىركىتىنىڭ شوپۇرى ئىدى. قاتناش ھادىسىسى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن بىر يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن، كېيىن باشقىلار بىلەن ئۇرۇشقانلىقى ئۈچۈن جازا مۇددىتى ئۇزارتىلغانىدى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆزلىرىنى «ساقچى» دەپ ئاتىۋالغان قالغان ئىككىسىنىڭ بىرى ماگوجۇن، يالغان ئىسمى ياڭ كې، 29 ياش؛ يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ما لۇڭ، يالغان ئىسمى جۇ جيەن، 28 ياش. ۋاڭ دۇڭمۇ ئاللىقانداق زەھەر ساتقۇچى ئەمەس، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى ليۇ گاڭ، 29 ياش، ئۇ لى خەيلەر بىلەن بىللە «ئالدامچىلىق» سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈچىسى ئۈرۈمچىلىك.

1999 ـ يىل 6 ـ ئايدا لى خەي خۇاڭ جيەنجۇڭ ئىسىملىك فۇجيەنلىك بىر چاي سودىگىرى بىلەن تونۇشۇپ قالغان. 8 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى خۇاڭ لى خەيگە: «بىز ئامال تېپىپ خېنىملارنى ئالداپ پۇل تاپايلى» دېگەنىدى. لى: «قانداق ئالدايمىز؟» دېگەندە، خۇاڭ: «بىز ئىلگىرى قىلىپ باققان، ئالدى بىلەن بىر نەچچە شېرىك تاپىمىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى ئاۋۋال خېنىملار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ، قالغىنىمىز ساقچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئۇلارنى تۇتىمىز، ئاندىن خېنىملارنى ئالداپ پۇلىنى ئالىمىز» دېگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي خۇاڭ جيەنجۇڭ فۇجيەنگە قايتماقچى بولغان. ئۇ مېڭىش ئالدىدا لى خەيگە كۈتۈپ تۇرۇشنى، فۇجيەندىن قايتىپ كەلگەندىن



كېيىن بىرلىكتە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان.

لېكىن لى خەي خۇاڭ جيەنجۇڭنى كۈتەلمەي، تاقەت قىلالماي مالۇڭ، ما گوجۈن ۋە ليۇ گاڭلارنى تېپىپ «ئالدامچىلىق» پىلانىنى ئېيتقان. ئۇلار ئاسانلا كېلىشىپ دەرھال ئىشقا كىرىشكەن. ئۇلار ئالدى بىلەن بەش پارچە ساختا كىملىك ۋە ئۈچ ساقچى كىنىشكىسىنى ياساپ چىققاندىن كېيىن، تەقلىد قىلىپ ياسالغان تاپانچىدىن بىرنى، كويزىدىن ئۈچنى سېتىۋالدى. بارلىق تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، ئۆزئارا ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ، ليۇ گاڭ بىلەن ما لۇڭ پاھىشىۋاز سۈپىتىدە خېنىملارنى «قارماق»قا ئىلىدىغان، لى خەي جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ «باشلىقى»، قالغانلىرى ئادەتتىكى «ساقچى» بولىدىغان بولۇشقان.

ئۇلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالدامچىلىق» سودىسى 1999 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر كۈندە ئېلىپ بېرىلغان. بۇ كۈنى لى خەي، ما لۇڭ، ما گوجۈن ۋە ليۇ گاڭلار سانجى شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، ساختا كىملىك بىلەن مېھمانخانىدىن بىر ياتاقنى ئالغاندىن كېيىن، ما لۇڭ يېقىن ئەتراپىكى كېچىلىك بەزمىخانىغا بېرىپ، ليۇ فامىلىلىك بىر خېنىمنى پوچتا تېلېگراف مېھمانخانىسىغا باشلاپ كەلگەن. ئۇلار ياتاققا كىرگەندىن كېيىن ما لۇڭ ليۇ خېنىمغا 500 يۈەننى بەرگەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن لى خەي، ما گوجۈن ۋە ليۇ دۇڭلار كىرىپ كەلگەن. كېيىنكى ئىشلار يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن سانجى پوچتا تېلېگراف مېھمانخانىسىدىكىگە ئوخشاش تەكرارلانغان. سىچۈەندىن كەلگەن بۇ خېنىمنىڭ سومكىسىدىن گىرىم بۇيۇملىرى بىلەن بىر دانە چاقىرغۇدىن باشقا ھېچنەرسە چىقمايدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟

ئارىدىن 2 - 3 كۈن ئۆتۈپ لى خەي، ما لۇڭ، ما گوجۈن ۋە ليۇ گاڭلار كورلا شەھىرىگە بارغان. ئۇلار بايىنغولىن مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ليۇ گاڭ گەنسۇلۇق بىر خېنىمنى باشلاپ كەلگەن. ئۇلار بۇ خېنىمنىڭ يېنىدا نەق پۇل ياكى چاقىرغۇ دېگەندەك نەرسىلەر بولمىسىمۇ يەنىلا خېنىمنى باشلاپ ئۇنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان 3 مىڭ يۈەن پۇلىنى ئالغىلى بارغان. ئەپسۇس، ئۇ كۈنى يەكشەنبە بولغاچقا بانكا تىجارەت قىلمىغان. ئۇلار پۇلنى ئالالماي شۇ كۈنىلا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن.

ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار سانجى شەھىرىگە يەنە بىر نەچچە قېتىم بېرىپ ھەمراھ بولغۇچى خېنىملارنى «قارماق»قا ئىلىنىدۇرغان. 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ما لۇڭ بىلەن ليۇ گاڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەمراھ بولغۇچى خېنىم بىلەن كېلىشىپ قويغان. 20 - كۈنى سەھەردىلا لى خەي، ما لۇڭ، ما گوجۈن ۋە ليۇ گاڭلار سانجى شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ پوچتا - تېلېگراف مېھمانخانىسىدىن ياتاق ئالغاندىن كېيىن، ما لۇڭ بىلەن ليۇ گاڭ كېلىشىپ قويغان خېنىملارنىڭ چاقىرغۇسىغا تېلېفون بەرگەن، ما لۇڭ كېلىشىپ قويغان خېنىم تېلېفون قايتۇرمىغان، ليۇ گاڭ چاقىرتقان خېنىم ئاخىرى سائەت 15 يېرىملاردا يېتىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن سۇڭ خېنىم پېشكەللىككە ئۇچرىغان. بۇ بىر توپ «ساقچى»لارنىڭ ئالدامچىلىقى ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن سائەت 17 لەردە ياتاقنى قايتۇرۇۋېتىپ، شۇ كۈنىلا ئۈرۈمچىگە غىپپىدە كېلىۋالغان.

## 3

لى خەي قاتارلىق بۇ تۆت كىشى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ما گوجۈننىڭ ئۆيىدە پۇل ماللارنى بۆلۈشتى. ما گوجۈننىڭ ما دۇڭ ئىسىملىك بىر دوستى ئەسلىدە ئۇلاردىن مىڭ يۈەن پۇل قەرز ئالغاندى، ما دۇڭ لى خەيگە ھازىرچە بۇ پۇلنى قايتۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا لى خەي ما دۇڭنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە قۇمۇلغا بېرىپ «ئالدامچىلىق» قىلىشقا ئۈندىدى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى لى خەي، ما لۇڭ، ما گوجۈن ۋە ما دۇڭلار قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى. قىسقىغىنە ئىككى كۈن ئىچىدە بۇ ئالدامچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىبلىس قولىنى ھېلىقىدەك خېنىملارغا سوزدى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سائەت 11 دە، ما لۇڭ لۇ فامىلىلىك بىر خېنىمنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېھمانخانىغا باشلاپ كەلدىدە، ئۇنىڭ 270 يۈەن نەق پۇلىنى ۋە بىر دانە چاقىرغۇسىنى پوپوزا قىلىپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى قورقۇتۇپ: «ئەگەر پۇل تاپشۇرمىساڭ تۈرمىدە ياتىسەن» دېدى. لۇ خېنىم: «بۇ ئىشنى پەقەت ئاتا - ئانام بىلمىسىلا، تۈرمىدە ياتساممۇ مەيلى» دېدى، لى خەي قاتارلىق بۇ ئالدامچىلار لۇ خېنىمدىن ھېچقانداق نەرسە ئۈندۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئۇنى قويۇپ بەردى.

23 - چېسلا كەچتە، ئۇلار قۇمۇل سودا مېھمانخانىسىدا ۋاڭ فامىلىلىك بىر خېنىمنى قورقۇتۇپ، ئۇنىڭ 220 يۈەن نەق پۇلىنى ۋە بىر دانە چاقىرغۇسىنى ئېلىۋالدى. ۋاڭ خېنىم تۈرمىدە ياتمىشتىن قورقۇپ، لى خەيلەرنى باشلاپ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن ۋاڭ خېنىمنى قويۇپ بەردى.

24 - چېسلا، ئۇلار قۇمۇل ئېلېكتر ئىنىرگىيىسى مېھمانخانىسىغا يەنە بىر خېنىمنى باشلاپ كەلدى، لېكىن بۇ خېنىمنىڭ يېنىدا پەقەت بىر دانە چاقىرغۇدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. «ساقچىلار» خېنىمنى پۇل تاپ-



شۇرۇشقا قىستىغاندا، خېنىم: «بۇ جانىدىن تويدۇم»
دېدى، «ساقچىلار» خېنىمغا تەھلىتىنىڭ كار قىلمى-
غانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئائىلاج كەتكۈزۈۋەتتى.
24 - چېسلا كەچتە، لى خەي، ما لۇڭ، ما گو-
جۇن ۋە ما دۇڭلار تۇرپان قۇمۇل نېفىتلىكى مېھمان-
خانىسىغا چۈشتى ۋە ليۇ گاڭ ئۇرۇمچىدىن كەلگەن-
دىن كېيىن «چوڭ ئىش تەۋرىتىش» ئۈچۈن تەييارلىق
قىلدى.

## 4

سانجى شەھىرىدىكى سۆڭ خېنىمغا كەلسەك،
ئۇ قاتتىق پۇشايمان بىلەن ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە قاي-
تىپ كەلگەنلىن كېيىن، ئويلىغانچە بۇ بىر نەچچە
كىشىنىڭ ساقچىغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى
ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 20 - چېسلا كەچ سا-
ئەت 20 دە سانجى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ جى-
نايى ئىشلار ئەترىتىگە بېرىپ دېلونى مەلۇم قىلدى.
چوڭ دېلولار ئەترىتىدىكى رازۋېدكىچىلار دەرھال
پوچتا - تېلېگراف مېھمانخانىسىغا بېرىپ تەك-
شۈرگەندىن كېيىن، دېلو سادىر قىلغۇچىلارنىڭ «-
دىڭ گوچىڭ» نامى بىلەن 203 - نومۇرلۇق ياتاقنى
ئېلىپ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە قاي-
تۇرغانلىقى مەلۇم بولدى. 24 - چېسلا چۈشتىن
كېيىن رازۋېدكىچىلار: «جىنايەت گۇماندارلىرى قۇ-
مۇل شەھىرىدە ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ» دېگەن ئى-
شەنچلىك خەۋەرگە ئېرىشتى.
24 - چېسلا گەرچە تاۋۇز چاغىنى بولسىمۇ،
سانجى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى چوڭ دېلولار ئوت-
تۇرا ئەترىتىدىكى شي بىن، ئىسھاق ۋە سانجى ئوب-
لاستلىق ج خ ئىدارىسىدىكى پېڭ ۋېي ۋە قادىرلار
ئۆيىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي،
كېچىلەپ يول يۈرۈپ قۇمۇلغا يېتىپ باردى. ئۇلار
قۇمۇل ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىدىكى يولداشلارنىڭ
ھەمكارلىشىشى بىلەن قۇمۇل شەھىرىدىكى ھەر قاي-
سى مېھمانسارايلارنى تەكشۈرۈپ چىقتى، نەتىجىدە
سودا مېھمانخانىسى، ئېلېكتر ئېنېرگىيە مېھمان-
خانىسى، ۋىلايەتلىك مېھمانخانىلارنىڭ ھەممىسىدە
«دىڭ گوچىڭ» نامى بىلەن ياتاق ئېلىپ، يېرىم كۈن-
دىن كېيىنلا قايتۇرۇۋەتكەنلىك ئەھۋاللىرى بايقالدى.
دەم ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن رازۋېدكىچىلار ئەتى-
گەن سائەت 6 دە «دىڭ گوچىڭ» نامى بىلەن لى خەي
قاتارلىقلارنىڭ تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى مېھمان-
خانىسىنىڭ 611 - نومۇرلۇق ياتىقىنى ئېلىپ شۇ
يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. رازۋېدكى-
چىلار ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن
612 - نومۇرلۇق ياتاقنى ئېلىپ رازۋېدكا



قىلدى. سائەت 8 لەر بولغاندا 611 - نومۇرلۇق ياتاق-
تىن سادا چىقتى. رازۋېدكىچىلار مۇلازىمەتچىگە
قايناقسۇ ئەكىرىپ بېرىش باھانىسى بىلەن 611 -
نومۇرلۇق ياتاقنى ئاچقۇزۇپ، ياتاق ئىچىگە باستۇرۇپ
كىرىپ، لى خەي، ما لۇڭ، ما گوجۇن قاتارلىق ئال-
دامچىلارنى نەق مەيداندا تۇتتى ھەم ئۇلارنىڭ يېنىدى-
كى بىر دانە تەقلىدىي تاپانچا، ئۈچ كويزا، بىر دانە
يانفون، ئىككى دانە چاقىرغۇ، ئۈچ ساختا ساقچى
كىنىشكىسى، بەش دانە ساختا كىملىك ۋە 2800 يۈەن
نەق پۇلنى قولغا چۈشۈردى.
رازۋېدكىچىلار تۆت جىنايەت گۇماندارىنى دەرھال
سوراق قىلىش ئارقىلىق ليۇ گاڭنىڭ پويىز بىلەن
قۇمۇلغا كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال قۇمۇل پو-
يىز ئىستانسىسىغا بېرىپ ئەمدىلا پويىزدىن چۈش-
كەن ليۇ گاڭنىمۇ قولغا چۈشۈردى.

## 5

1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، مۇخبىر سان-
جى شەھەرلىك سولاقخانىدا «ئالدامچىلىق» تېما قىلىنغان
كومېدىيىلىك ئويۇننىڭ ئاساسلىق «پېرسوناژ»لىرى لى
خەي، ما لۇڭ، ليۇ گاڭ، ما گوجۇن ۋە مادۇڭلاربىلەن ئۇچ-
راشتى.
لى خەي مۇخبىرنىڭ سوئالىغا كىشىنى چۆچۈتكىدەك
جاۋاب بېرىپ: «مەن ئۆزۈمدە ئانچە چوڭ گۇناھ يوق دەپ
قارايمەن، ئېيبەت نومۇسنى سانىغۇچىلارنى ئالداپ پۇلىنى
قاقتى - سوقتى قىلىشقا كەلسەك، بىز ئۇنىداق قازانغا
مۇنداق چۆمۈچ قىلدۇق»، دېدى.
ليۇ گاڭ: «مەن تۇنجى قېتىم كويزىنى كۆرگىنىمدە،
بۇ كويزىنىڭ ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ قولىغا سېلىنىدىغانلى-
قىنى ئويلىغانىدىم. مەن ھازىر ئۆز قىلمىشىمدىن ھەق-
قەتەن نومۇس قىلىۋاتىمەن»، دېدى.
مەزكۇر دېلوغا مەسئۇل بولغان شي بىن مۇخبىرغا:
«ئۇلار ھازىرغىچە ئاران ئالتە قېتىملىق جىنايەتنى ئىقرار
قىلدى، ئەمەلىيەتتە بىز ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا
ئۇلارنىڭ جىنايىتى پەقەت بۇلا ئەمەس، بىز ئۇلارنىڭ يېنى-
دىكى تېلېفون نومۇرى دەپتىرىدىن 50 - 60 «خېنىم»نىڭ
چاقىرغۇ نومۇرىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ يېنىدىن كۆپتۈن قا-
تارلىق جايلاردىكى مېھمانسارايلارنىڭ ياتاق بېلىتى چىق-
تى»، دېدى.
بۇ بەش نەپەر يالغان ساقچى ئورۇنلىغان ئالدام-
چىلىق ئويۇنى گەرچە ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لې-
كىن كىشىلەرگە: يالغان ساقچىلار نېمە ئۈچۈن
ئۆزلىرىنىڭ قارا قولىنى «خېنىم»لارغا سۇنىدۇ؟ يەنە
نېمە ئۈچۈن ئۆز مەقسىتىگە ئارقا - ئارقىدىن يې-
تىدۇ؟ دېگەن تۈگىمەس ئويلارنى قالدۇردى.

مۇنەۋۋەر قادىر (ت)

# مەجنۇن قىزنىڭ شېرىن چۈشى بەربات بولدى




ئۇ ھاسىرىغىنىچە تولى يېزىسى بوگجە-خو ساقچىخانىسىغا كېلىپ دېلونى مەلۇم قىلدى. سىياسىي كومىسسار لىن جۇگيو دې-لونى دەرھال جىڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا مەلۇم قىلدى. سائەت 12 يېرىملاردا جىڭ ناھى-يىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ تىگشىن، جىنايى ئىشلا چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى يۇ شىنمىن، قانۇن دوختۇرى ۋۇ جۇن-كوي، ساقچى دېڭ يىجۇن، دۇڭ خوگشىگلارنى باشلاپ تېزدىن نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ دې-لونى پاش قىلىشقا كىرىشتى.

ئۆلگۈچى زادى كىم؟

دېلو يۈز بەرگەن نەق مەيداندا ج خ خادىم-لىرى كۆيۈپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن جە-سەتنى كۆردى. جەسەتنىڭ ئەتلىرى تىنىلىپ كەتكەن بولۇپ، جەسەتنى كۆيدۈرۈۋەتكىنىگە خېلى كۈنلەر بولغانىدى. جەسەتنى تەكشۈرۈش ۋە يېرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ 25 ـ 35 ياشلار ئارىلىقىدىكى بىر قىز ئىكەنلىكى ھەم ئۇنىڭ ئاشقازىنىدا تېخى ھەزىم بولۇنمىغان يېمەكلىكنىڭ بارلىقى ئېنىقلاندى.

ج خ خادىملىرى جەسەت كۆيدۈرۈلگەن نەق مەيدانغا قاراپ، قاتىلنىڭ ئادەمنى باشقا جايدا ئۆلتۈرۈپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ كۆيدۈرگەن-لىكىنى جەزملەشتۈردى. ج خ خادىملىرى ئۆل-گۈچىنىڭ يېنىدىن بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا ۋە بىر تال يالغان چىش تېپىۋالدى.

«تېز كېلىپ قاراڭلار! بۇ يەردە موتسىك-لىت ئىزى تۇرىدۇ» دېدى جىنايى ئىشلار چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى يۇ شىنمىن بىر كىچىك دەرەخنىڭ تۈۋىدىكى موتسىكلىت چاقىنىڭ ئىزىنى كۆرسىتىپ. گەرچە بۇ ئىز يامغۇردا قېلىپ ئېنىق كۆرۈنمىسىمۇ، لېكىن ج خ خا-دىملىرىنىڭ يۈكسەك دىققەت ئېتىبارىنى قوز-غىدى.

دېلونى تېزرەك پاش قىلىش ئۈچۈن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ۋاڭ تىگشىن ساقچىلارنى ئىك-كىگە بۆلۈپ، بىر بۆلۈك ساقچىنى ئاساسلىق موتسىكلىت تەكشۈرۈشكە، يەنە بىر بۆلۈك ساقچى-نى ھالقا ۋە يالغان چىشقا ئاساسەن يېقىن ئەتراپتى-كى يېزا، بىگتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانىدا يوقالغان ئادەمنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلاشقا ئورۇنلاشتۇ-رۇپ، جەسەتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تېزدىن ئېنىق-لاپ چىقىشنى قارار قىلدى.

يىپ ئۇچى

ئىلاۋە: ئاشپەزلىك ئەسلىدىنمۇ يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان ھۈنەر، ئۇستا ئاشپەزلەر ئادەملەرگە ئاجايىپ مېزىلىك تائاملار بىلەن ھوزۇر بېغىشلايدۇ. ئەمما بىر ئاشپەز كىشنى چۆچۈتكىدەك «قو-رۇما» قورۇپ چىققان، يەنى بىر ئادەمنى كۆي-دۈرۈۋەتكەن.

## كۆيدۈرۈلگەن سىرلىق جەسەت

1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 لەر ئىدى. جىڭ ناھىيىسى تولى يې-زىسى 1 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ 1 ـ كىچىك ئەترى-تىدىكى دېھقان خې شياڭدۇڭ شالاڭراق ئورمانلىق ئىچىدىن قارا بىر نەرسىنى بايقاپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ بىر كۆيدۈرۈلگەن جەسەت ئىدى.



دۆلەت 312 ـ تاشيولى بويىدىكى تولى يېزىسى، بىگتۇەنىنىڭ شاشەنزى دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن چېگرىداش بولۇپ، ئۇ يەردە نەچچە مىڭ موتسىكلىت بار ئىدى. بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان موتسىكلىتلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئەگەر نەق مەيداندىكى موتسىكلىت چاقىنىڭ ئىزىغا ئوخشاش ئىزنى تېپىشقا توغرا كەلسە بۇ خۇددى دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەكلا بىر ئىش بولاتتى. شۇڭا ج خ خادىملىرى توختىماي كۆرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ نەق مەيداندىن ئايرىلىپ، خىزمەت تەرتىپى بويىچە ھەر بىر ئەترەتنى بىرمۇبىر تەكشۈرمەكچى بولۇشتى. يەنە بىر بۆلۈك ئادەم يوقالغان ئادەمنىڭ ئىز دېرىكىنى قىلماقچى بولۇشتى.

ج خ خادىملىرى « بۇ ساپ ئالتۇندىن ياسالغان چوڭ ھالقا ئىكەن! بۇنداق ھالقىلارنى ئادەتتە ئاز سانلىق مىللەت خوتۇن قىزلىرى سېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ! خەنزۇ خوتۇن قىزلار ئارىسىدا مۇنداق ھالقىنى سالىدىغانلار ناھايىتى ئاز!» دەپ ھۆكۈم قىلىپ، مىللىيلار ئولتۇراقلاشقان ئەترەتلەرنى ئاساسلىق تەكشۈرمەكچى بولدى. بىر ئەترەت بىر ئەترەتتىن تەكشۈرۈلدى. نەچچە يۈز ئادەمدىن يوقالغان ئادەمنىڭ بار يوقلۇقى سورالغان بولسىمۇ، ئىز دېرەكسىز يوقالغان ئادەم بايقالمىدى. ج خ خادىملىرىنىڭ كۆڭلىدە بىر سىرلىق تۈگۈن پەيدا بولدى.

ئۇلار تەكشۈرۈش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، تەكشۈرۈش، مىللىي خوتۇن ـ قىزلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 3 لەردىن ئاشقاندا، ساقچىلار خۋاڭتۇلياڭغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەر دۆلەت 312 ـ تاشيولىغا يېقىن بولۇپ، ئىلى، بورتالا، ئۈرۈمچىگە ئۆتىدىغان قاتناش تۈگۈنى ئىدى. يولنىڭ ئىككى يېنىغا ئاشخانا، ياتاقخانىلار سېلىنغان بولۇپ، ماشىنا ۋە ئادەملەر ئۈزۈلمەي ـ بۇزۇلماي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بۇ يەرنىڭ بازىرىمۇ خېلىلا ئاۋات ئىدى. ساقچىلار ئۆيمۇ ـ ئۆي كىرىپ، سۈرۈشتە قىلىپ «جيەنجاڭ ئاشپۇزۇلى»غا كىرىپ سورىغاندا، خوجايىن ھالقا ۋە سۈرەتنى كۆرۈپ ئويلانمىغان يەردىن: «بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى، ئاشخانىمىزدىكى مۇلازىمەتچى قىز قايتىپ كەتكەن! ئۇ قىز مۇشۇنداق ھالقىنى ئېسىۋالغاندەك قىلاتتى!» دېدى. ساقچىلار بۇنى ئاڭلاپ بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى ھەم يالغان چىشىنىڭ سۈرىتىنى خوجايىنغا كۆرسەتتى.

خوجايىن ئىككىلەنگەن ھالدا: «بۇ مۇلازىمەتچى قىزنىڭمۇ بىر تال يالغان چىشى باردەك قىلغان! بىراق ئۇ بۇرۇنلا يۇرتى سىچۈەنگە قايتىپ كەتكەن» دېدى. ساقچىلارنىڭ تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ سورىشى بىلەن خوجايىن: «بۇ مۇلازىمەتچى قىزنىڭ ئىسمى زېڭ چۈنخۇا، سىچۈەن شىبخۇڭ ناھىيىسىدىن، ئۇ 25 ـ ماي يۇرتى سىچۈەنگە قايتىمەن دەپ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 لەردە يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىش ھەققىنى ھېسابلىشىپ تاكسىغا ئولتۇرۇپ قايتىپ كەتكەن» دېدى.

ـ ئۇنىڭ شىنجاڭدا تۇغقانلىرى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى ساقچىلار.

ـ يوق.

ـ تونۇشلىرىچۇ؟

ـ تونۇشلىرى كۆپ.

ـ سىز ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

شۇنىڭ بىلەن خوجايىن زېڭ چۈنخۇانى دائىم ئىزدەپ كېلىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىنى قالدۇرماي يېزىپ بەردى.

## تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى

خوجايىن تىزىملىكتىكى ئون نەچچە ئادەم ئىچىدە ۋۇ لىجياڭ ئىسىملىك يىگىتنىڭ زېڭ چۈنخۇا بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكىنى ئېيتىپ، «سىلەر ئۇنىڭدىن سورىساڭلار بولىدۇ، ئۇ مەندىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدۇ» دېدى. ج خ خادىملىرى ناھايىتى تېزلا بىگتۈەننىڭ 83 ـ تۇەن شاخەي مېھمانسارىيىسىنىڭ خىزمەتچىسى ۋۇ لىجياڭنى تاپتى. ساقچىلار بىۋاستە سۆزلىشىشنى قارار قىلىشتى.

ـ ۋۇ لىجياڭ، زېڭ چۈنخۇانى تونۇمسەن؟ ـ دەپ سورىدى ساقچىلار ئۇدۇللا.

ـ تونۇيمەن، ـ دېدى ۋۇ لىجياڭ پەرۋاسىزلا.

ـ ئۇ ھازىر نەگە كەتتى؟

ـ سىچۈەنگە قايتىپ كەتتى.

ـ نېمە بىلەن ماڭدى؟

ـ پويىز بىلەن، مەن ئۇنى جىڭ ۋوگزالىغا ئاپىرىپ ئۇزىتىپ قويدۇم.

ۋۇ لىجياڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ھودۇقماي جاۋاب بەردى.

بۇ تەرەپتە ساقچىلار ۋۇ لىجياڭ بىلەن ئەھۋال ئىگىلەۋاتقاندا، ئۇ تەرەپتە ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ تىڭشىن دەرھال 83 ـ تۇەن 5 ـ ليەنگە بېرىپ ۋۇ لىجياڭنىڭ ئۆيىنى قانۇن بويىچە ئاختۇرۇشنى بۇيرۇدى. ناھايىتى تېزلا ۋۇ لىجياڭنىڭ ئۆيىدىن زېڭ چۈنخۇانىڭ نۇرغۇن كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرى تېپىلدى.

ـ ۋۇ لىجياڭ سوراقخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندىمۇ ھېچ ئىش يوق بەرمىگەندەك مەغرۇر تۇراتتى. ساقچىلار نەق مەيداندا تارتىلغان بىر قىسىم سۈرەتلەرنى



كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— زېبك چۈنخۇا ھەرگىزمۇ سىچۈەنگە قايتمىغان، ئۇنى باشقىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن، — دېدى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ.

— ئۇنى مەن قىلمىغان، — دېۋەتتى ۋۇ لىجياڭ ئىختىيارسىزلا.

— ئۇنداقتا كىم قىلغان؟ — دېدى ساقچىلار تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ.

ۋۇ لىجياڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋېلىپ گەپ قىلمىدى. ساقچىلار 4 سائەتتىن كۆپرەك سوراق قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ھېچنېمىنى دېمىدى.

باشقا يەنە بىر ساقچى، 5 – ئاينىڭ 26 – كۈنى كەچتە، فۇگىيەن ئەترىتىدىكى بىر دېھقاننىڭ بەر سۇغۇرۇۋېتىپ، كېچە سائەت بىرلەر ئەتراپىدا جۈللۈكتە ناھايىتى ئۇلۇغ ياڭغان ئوتنى كۆرگەنلىكى، ئۇزۇن ئۆتمەي، 23 – 27 ياشلاردىكى موتسىكلىتلىق بىر ياشنىڭ كېلىپ ئۇنىڭدىن دەندا بازىرىغا بارىدىغان يولنى سورىغانلىقى، دېھقاننىڭ ئۇنىڭغا يولنى كۆرسىتىپ قويغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى يەتكۈزدى. خەۋەرنىڭ يەتكۈزۈلۈشى سوراق گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. تاڭ سەھەر سائەت 3 لەردىن ئاشقاندا، پولاتتەك پاكىت ئالدىدا، ۋۇ لىجياڭ ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى توختىماستىن يۆتكىمەيتتى. ئاخىرى ئۇ بېشى قايغان بولۇۋېلىپ بېشىنى تامغا قاتتىق ئۇرۇشنى. ساقچىلار دەرھال ئۇنى توختىتىۋالدى. ۋۇ لىجياڭ ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، ساقچىلارغا ئۆزىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈپ جەسەتنى كۆيدۈرۈۋەتكەن جەريانىنى تولۇق ئىقرار قىلدى.

## مۇھەببەت دېڭىزىغا غەرق بولۇش

25 ياشلىق ۋۇ لىجياڭ 83 – تۈەن شاخەي مېھمانسارىيىنىڭ ئاشپىزى ئىدى. 1974 – يىل 3 – ئايدا 83 – تۈەننىڭ 13 – لىيەنىدە تۇغۇلغان. 1993 – يىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خېبېيغا بېرىپ ئاشپەزلىكنى ئۆگەنگەن. 1995 – يىل شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، باشتا دۆلەت 312 – تاشيولى خۇاڭتۇڭلياڭ ئۆچاستىكىسىدىكى «سىيۇمىچۈن» ئاشخانىسىنى ھۆددىگە ئالغان. شۇ چاغدا يەنە ئۇ سىچۈەندىن كەلگەن بىر ئىشلەمچى قىزنى ياللىغان. بۇ دەل زېبك چۈنخۇا ئىدى. ئۇستاز – شاگىرتلىق مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە ۋۇ لىجياڭ ھەر ۋاقىت زېبك چۈنخۇاغا غەمخورلۇق قىلغان. زېبك چۈنخۇامۇ ئۆزىدىن 6 ياش كىچىك ۋۇ لىجياڭغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ تۇرغان. دائىملىق بېرىش - كېلىش نەتىجىسىدە، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قويۇقلاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار دائىم بىرگە يۈرگەچكە بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ قېلىشقان.

بىر يىلدى كېيىن ئاشخانىنىڭ ھۆددىگە ئالغان ۋاقتى توشۇپ، ۋۇ لىجياڭ ئۆيىگە قايتىپ ئاغرىقچان دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان. زېبك چۈنخۇامۇ باشقا ئاشخانىلارغا بېرىپ داۋاملىق ئىشلىگەن.

ۋۇ لىجياڭ ئائىلىسىمۇ نامرات، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ ئاشپەزلىكنى ئۆگىنىمەن دەپ نۇرغۇن پۇلنى خەجلەپ تۈگەتكەنىدى. مانا ھازىر دادىسى ئاغرىپ پۇلدىن قىسىلىۋاتاتتى. شۇ چاغدا زېبك چۈنخۇا كەلگۈسىدە كېلىن بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ۋۇ لىجياڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن ھەم ئىشلەپ تاپقان 20 مىڭ يۈەن پۇلنى چىقىرىپ، ۋۇ لىجياڭنىڭ دادىسىغا بېرىپ كېسىلىنى داۋالىتىپ ساقايتقان. بۇنىڭدىن بىر ئائىلە كىشىلىرى تەسىرلىنىپ زېبك چۈنخۇاغا ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتقان. دادىسىنىڭ كېسىلى ساقايغاندىن كېيىن، ۋۇ لىجياڭ شاخەي مېھمانسارىيىغا قايتىپ كېلىپ ئاشپەزلىك قىلغان. ئىككىسىنىڭ بېرىش - كېلىشى بۇرۇنقىدەك قويۇق بولۇپ، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئىزچىل ساقلاپ قالغان.

## مۇھەببەتنىڭ سۇسلىشىشى

ۋۇ لىجياڭ مۇقىم خىزمەتكە ئىگە بولۇۋېلىپلا، زېبك چۈنخۇانى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغان. ھەر قېتىم زېبك چۈنخۇا كۆرۈشمەكچى بولغاندا، ئۇ تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆزىنى قاچۇرغان. ئۇنىڭ قىلىقى زېبك چۈنخۇانىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغان. ئۇ كۆپ قېتىم سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ۋۇ لىجياڭنىڭ ئۆزىدىن بەش ياش كىچىك ھەم چىرايلىق بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنى تاشلىۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن. زېبك چۈنخۇا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، دائىم مېھمانسارايغا ۋۇ لىجياڭنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭ باشقا بىر قىز بىلەن ئارىلىشىشىنى توسقان. بەزىدە ھەتتا ئۇنى ھاقارەتلىك ئىبارىلەر بىلەن تىللىغان. بۇنداق ۋاقىتتا، ۋۇ لىجياڭ ئۆزىنى تولىمۇ بىچارە ھېس قىلغان!

1999 – يىل 5 – ئايدا، زېبك چۈنخۇا ئائىلىسىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان. خەتتە ئائىلىسىنىڭ بىر نەچچە ئېغىز ئۆي سالغانلىقى، بىر ئاشخانا ئاچماقچى بولۇۋاتقانلىقى، زېبك چۈنخۇانىڭ قايتىپ كېلىپ ياردەملىشىشى يېزىلغان. زېبك چۈنخۇا خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ۋۇ لىجياڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى مېھمانسارايىنىڭ ئاشپەزلىكىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئۆزى بىلەن بىرگە سىچۈەنگە بېرىپ، بىرلىكتە ئاشخانا ئېچىشقا ئۈندىگەن. ۋۇ لىجياڭ بۇ ئىشقا ئېغىزىنىڭ ئۇچىدىلا ماقۇل بولغان.

بۇ تەرەپتە زېبك چۈنخۇا ۋۇ لىجياڭ بىلەن يۇرتقا قايتىش تەييارلىقىنى قىلسا، ئۇ تەرەپتە ۋۇ لىجياڭ باشقا بىر قىز بىلەن ئاپاق – چاپاق بولۇپ كەتكەن، ھەتتا ئۇ قىزنىڭ قولىغا ئۆمۈرلۈك سوۋغا سۈپىتىدە بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈكنىمۇ سېلىپ قويغان.








## بۇ ئىدارە پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىككە زەربە بېرىشتە ئۈنۈملۈك ھاسىل قىلدى

پىچان ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ پارىخورلۇق، خىيانەتچى-
لىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسى ئۆتكەن بىر يىلدا، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىككە قارشى
تۇرۇش خىزمىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنقى ئورنىغا قويۇپ، دۆلەت ئىگىلى-
كىدىكى كارخانىلارنى ئاساسىي نىشان قىلغان پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇ-
رۇش، قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىنى كەڭ قانات
يايدۇردى. تەكشۈرۈپ تەپتىش قىلىشنى قانۇن
بويىچە باخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش-
نىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تېگىشى-
لىك تۆھپە قوشتى. بۇلتۇر بىر يىلدا قوبۇل قى-
لىپ تۇرغۇزغان 13 دېلونى قانۇن بويىچە بىر
تەرەپ قىلدى. پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك جى-
نايىتىگە چېتىشلىق 2 مىلىيون 66
مىڭ يۈەننى ئېنىقلاپ چىقىپ، دۆ-
لەت ۋە كوللېكتىپنى 362 مىڭ يۈەن-
لىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ
قالدى.

ئۆمەر نىياز

## بۇ مەھكىمە دېلولارنى سوتلاش نىسبىتىنى %100 كە يەتكۈزدى

پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت
مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار
سوت كوللېگىيىسى ئۆتكەن بىر
يىلدا ھۆكۈمنى ئۈچۈق ئېلان قى-
لىش، قاتتىق زەربە بېرىش، سىيا-
سىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە
ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن يې-
تەكچىلىك قىلىش ئىدىيىسىدە
چىڭ تۇرۇپ، يېڭى جىنايى ئىشلار
قانۇنى بويىچە جىنايى ئىشلار جى-
نايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ،
نورمال بولغان ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغدىدى. بۇ سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار
سوت كوللېگىيىسى ئۆتكەن بىر يىلدا، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 151 نى قوبۇل
قىلىپ، دېلو سوتلاپ تاماملاش نىسبىتىنى % 100 كە يەتكۈزدى. 14 ئادەمگە
10 يىلدىن يۇقىرى، 15 يىلدىن تۆۋەن، 13 ئادەمگە 5 يىلدىن يۇقىرى 10
يىلدىن تۆۋەن، 26 ئادەمگە 3 يىلدىن يۇقىرى 5 يىلدىن تۆۋەن، 69 ئا-
دەمگە 3 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ۋە 7 ئادەمگە تۇتۇپ
تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى قات-
تىق قوغدىدى.

ئۆمەر نىياز

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى شىمگو ج خ شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا
ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئەنۇەر ئىسمائىل ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كەسپىي خىزمەتنى چىڭ تۇ-



تۇپ ئىشلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ تېز ھەم
ۋاقتىدا پاش قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلەت ۋە
خەلقنىڭ مال مۈلكى، ھاياتىنىڭ ئامان - ئېسەن بولۇ-
شى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، خەلقنىڭ باخشى ساقچىسى
بولۇشتەك يېڭى ئوبراز تىكلىدى.

ئۆمەرجان قاسىم فوتوسى



## پەيزاۋات باش ... تەشۋىقات تەر...

مىللىي تۈەن
مەيدانلاردىكى ئاز
سانلىق مىللەت
ئىشچى - خىز-
مەتچىلەرگە بولغان
قانۇن - تۈزۈم
تەشۋىقاتىنى چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇپ، 3 -
بەش يىللىق قانۇن
ساۋاتلىرىنى ئومۇم-
لاشتۇرۇش قەدىمى-
نى ئىېزلىتىش ئۈ-
چۈن، بىرا ئىگى-
لىك 3 - شى 3
- بەش يىللىق قانۇن
ساۋاتلىرىنى ئومۇم-
لاشتۇرۇشقا رەھ-
بەرلىك قىلىش
ئىشخانىسى، ئەد-
لىيە ئىدارىسى، ج خ
باشقارمىسى قاتار-
لىق ئورۇنلار بىر-
لەشمە ئۆمەك تەش-
كىللەپ، 1 - ئاي-
نىڭ 17 - كۈنىدىن
24 - كۈنىگىچە،
شى تەۋەسىدىكى 8

























ئاتۇش شەھىرىدە نامراتلارنى يۆلەش ۋە
نامراتلارغا مېھرى شەپقەت يەتكۈزۈش
پائالىيىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.
ئۆتكەن بىر يىلدا ئاتۇش شەھىرىدىكى
ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىشچى
خىزمەتچىلەرنىڭ نامراتلارغا قىلغان ئى-
ئانىسى ۋە خالىسانە ئەمگىكىنى پۇلغا
سۇندۇرغاندا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن
ئېشىپ كەتتى.
سۈرەتتە: شەھەرلىك يېزا
خىزمەت بۆلۈمىنىڭ خادىمى نامرات ئا-
ئىلىلەرگە كىيىم - كېچەك ئىئانە
قىلماقتا.

ئابلىز ئابلەت مەخسۇم



## ئاقسۇ ۋىلايىتى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمەت ھېسابات خاتىرىسى ۋى-لايەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈردى

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ھەر تەرەپلىمە تۈزەش
ئىشخانىسى ئەترىلىق ئىزدىنىپ، كەڭ -
كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا
«ئاقسۇ ۋىلايىتى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر
تەرەپلىمە تۈزەش خىزمەت ھېسابات خاتىرى-
سى» نى تۈزۈپ، 2000 - يىلىدىن باشلاپ، ھەر دەرىجىلىك خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ
ئىشلىتىشى ئۈچۈن تەمىن ئەتتى. بۇ ھېسابات خاتىرىسى 19 چوڭ تۈر، 75 تارماق مەز-
مۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى ئۈچۈن
مەخسۇس سەھىپە ئېچىلغان. بۇ خاتىرىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى ئاساسىي قاتلام-
لاردىكى ئايرىم جايلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمەت ئارخىپلىرىنى باشقۇرۇش
جەھەتتە، ساقلانغان خىزمەت خاتىرىسى تەپسىلىي بولماسلىق، تولۇق بولماسلىق، رەت-
لىك بولماسلىق، خاتىرە دەپتەرنىڭ سانى كۆپ، ئىشلىتىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش قا-
تارلىق ئەھۋاللارغا تۈپتىن خاتىمە بەردى.

ھەسەنجان يۈسۈپ

## قاراقاش ناھىيىسىدە ساختا تاۋارلار تازىلاندى

قاراقاش ناھىيىلىك سودا - سا-
نائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدا-
رىسى يېقىنقى يىل كىرگەندىن بۇيان
بازارلاردا يالغان، ساختا، سۈپەتسىز
تاۋارلارنى تەكشۈرۈشنى چىڭ تۇ-
تۇپ، ئىستېمالچىلارغا ساغلام با-
زار مۇھىتى بەرپا قىلىش ئۈچۈن
تىرىشماقتا.
بۇ ئىدارە ناھىيىلىك سۈپەت
تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى
قاتارلىق ئورۇنلاردىن 12 كىشىلىك
تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىل-
لەپ، ناھىيە بويىچە 3 چوڭ سودا
سارىيى، 118 ئورۇندىكى تۈپ ۋە
پارچە سېتىش دۇكىنىدىن يېمەك
ئىچمەك، گىرىم بۇيۇملىرى قاتار-
لىق 11 تۈر بويىچە 80 .1336 يۈەن
قىممىتىدىكى ۋاقتى ئۆتكەن،
چۈشەندۈرۈشى يوق، يالغان، ساخ-
تا، سۈپەتسىز تاۋارنى يىغىۋېلىپ
قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلدى
ھەمدە بىر تۈركۈم لاياقەتسىز ئۆل-
چەم ئەسۋابلىرىنى چەكلىك مۇد-
دەتتە تۈزىتىشكە بۇيرۇدى.

ئازادگۈل توختىمەمەت



## ...ەيدانى قانۇن ...ىسنى كوچەيتى

مىللىي تۆەن -
مەيداندا «جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى-
نىڭ ئامانلىق باش-
قۇرۇش جازالاش نى-
زامى»، «نىكاھ قا-
نۇنى» ۋە دۆلەت،
ئاپتونوم رايوننىڭ
دىنىي ئىشلارغا دا-
ئىر مۇناسىۋەتلىك
قانۇن - نىزام، بەل-
گىلىمىلىرى بويى-
چە 8 مەيدان (قې-
تىم) لېكسىيە
سۆزلەشكە ئۇيۇش-
تۇرۇپ، 2500 دىن
ئارتۇق كادىر، ئىش-
چى - خىزمەتچى
ۋە دىنىي ۋەزىپىدىكى
خادىملارنى قانۇن
بىلىملىرى بويىچە
بەلگىلىك چۈشەن-
چىگە ئىگە قىلدى.

تۇرسۇنجان زۇنۇن



## قاتىللىقنىڭ باشلىنىشى

5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى زېلى چۈنخۇا خېزمىتىنى تاشلاپ، كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، 83 ـ تۈمن 5 ـ لېيىندىكى ۋۇ لىجىياڭنىڭ ئۆيىگە كەلگەن. ئۆيدە ئادەم بولمىغاچقا، ئۇ ۋۇ ئائىلىسىدىكىلەر بەرگەن ئاچقۇچ ئارقىلىق ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ، ۋۇ لىجياڭغا «ئۆيگە تېز قايتىپ كەل» دەپ چاقىرغۇ بەرگەن. 26 ـ چېسلا كەچتە، ۋۇ لىجياڭ مېھمانسارايدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندە، زېلى چۈنخۇا ئالدىغا چىقىپ ئۇنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالغان ھەمدە ئۇنىڭغا: «سىز ماڭغىنىڭىزدىن بىر نەچچە بولاق تەييار چۆپ ئەكىرىلىڭ، مەن تاماقنا تۇتۇش قىلاي» دېگەن. دىلغۇل بولۇۋاتقان ۋۇ لىجياڭ سىچۇەنگە بېرىشنى زادىلا خالىمىغان. ئۇ خىيالىدا تېخى، ئۇنىڭ بىلەن يويىزغا بىللە چىقىپ، كېيىنكى بېكەتتە پويىزدىن چۈشۈپ قېلىپ قايتىپ كەلمەكچىمۇ بولغان.

تاماقتىن كېيىن، زېلى چۈنخۇا ۋۇ لىجياڭغا يېقىنلىق قىلغان بولسىمۇ، ۋۇ لىجياڭنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان. بۇ ۋاقىتتا زېلى چۈنخۇا تېخىمۇ ئاچچىقلىنىپ كەتكەن ھەم ئاچچىقلانغان ھالدا: «دەپ باقە! سەن يەنىلا ھېلىقى تومۇزچۇقنى ئويلاۋاتامسەن؟ ساڭا دەپ قوياي، مېنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكىم سېنىڭ قولۇڭدا، سېنىڭ مېنى تاشلىۋېتىشىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ!» زېلى چۈنخۇا سۆزلىگەنسېرى تېخىمۇ كېسىلىپ، ئاچچىقىدا ئولتۇرالماي قالغان. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ نائىلاج: «سەن مېنى ئالمىساڭمۇ مەيلى، لېكىن مەن بىلەن بىر كېچە بولساڭ، ماڭا بىر بالا تېپىپ بەرسەڭ، يەنە سىلەرگە بەرگەن پۇلنىمۇ قايتۇرۇپ بەرسەڭ، شۇ چاغدىلا سېنى ئىككىنچىلەپ ئىزدىمەيمەن» دېگەن. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ۋۇ لىجياڭ يەنە رەت قىلغان. ئۇ قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا، ۋۇ لىجياڭغا غەزەپ بىلەن: «سەن ناۋادا باشقىسى بىلەن توي قىلىپ بالا تاپساڭ بالاڭنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېگىنىچە ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى جالاقىدە يېپىپ، ئۇخلىغىلى كىرىپ كەتكەن.

مېھمانخانا ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان ۋۇ لىجياڭ زېلى چۈنخۇانىڭ ئاسانلىقچە بولدى قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولۇپ كۆز ئالدىدىكى دىشۋارچىلىقتىن قانداق قۇتۇلۇشنى زادىلا بىلەلمەي قالغان.

26 ـ چېسلا كېچە سائەت 1 لەردە، تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلىۋاتقان شياڭگاڭنىڭ تېلېۋىزىيە فىلىمى «قوش چاشقىنى» دىكى باش قەھرىمان يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا پىسەنت قىلماي، يىگانە ئۇرۇش قىلىپ نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرگەن. ۋۇ لىجياڭ كۆرگەنسېرى تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، شياڭگاڭلىق قەھرىمان ئادەملەرنى ئاسانلا ئۆلتۈرەلەيدىكەن! مەنمۇ بىرەر قېتىم قەھرىمان بولۇپ باقسام بولمامدىكەن؟ دەپ ئويلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «قاتىللىق» نى كۆڭلىگە پۈككەن.

## قاتىللىق قىلىپ جەسەتنى كۆيدۈرۈش

ۋۇ لىجياڭ تېلېۋىزورنى تېخى كۆرۈپ بولالماي تۇرۇپلا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ زېلى چۈنخۇانى ئۆلتۈرۈپ بىراقلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقچى بولدى. ئۇ ياتاق ئۆيگە كىرگىنىدە زېلى چۈنخۇا ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ياستۇق لوڭگىسىنى ئېلىپ زېلى چۈنخۇانىڭ بېشىنى يۆركەپ تۇرۇپ قاتتىق باستى.

شېرىن چۈش كۆرۈپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان زېلى چۈنخۇا، سەزگەن يىگىتنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ غەزەپ بىلەن بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ۋۇ لىجياڭ تىزى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى بېسىپ تۇرۇپ، ياستۇقنى تېخىمۇ كۈچەپ باستى. بىردەمدىن كېيىن، زېلى چۈنخۇانىڭ قارشىلىق قىلغۇدەك مادارى قالماي بوشاشتى ۋە تىنىقتىن قالدى. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن، ۋۇ لىجياڭ ياستۇقنى ئېلىۋەتتى. زېلى چۈنخۇانى ئۆلمەپتۇ دەپ مۇشت بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇردى. زېلى چۈنخۇادەك ئاشۇنداق بىر سۆيۈملۈك قىز، بىۋاپا ئەرنىڭ قولىدا ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى.

ۋۇ لىجياڭ جەسەتنى كارىۋات كىرلىكى بىلەن ئوراپ، ئۇنى ياتاق ئۆيدىن كۆتۈرۈپ ئېچىقىپ سالقىن جايغا قويۇپ قويدى. ئۇ ھەممە ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، دۆلەت 312 ـ تاشيولىغا كېلىپ، ئۈرۈمچىدىن بورتالاغا ماڭغان كېچىلىك ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئۇ ئەتىگەندىن چۈشكىچە بازار ئايلىنىپ يۈرۈپ چۈش سائەت 2 دىن ئاشقاندا يەنە بورتالادىن جىڭغا ماڭغان ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ 5 ـ لېيىنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە قايتىشقا پەقەتلا ئالدىرىمىدى. ئۇ يول بويىدىكى بونكىغا كىرىپ بىر نەچچە بونۇلكا پىۋا ۋە خولسىڭ مېغىزى ئېلىپ، كەچ سائەت 10 غىچە پىۋە ئىچىپ ئاندىن ئۆيگە قايتتى. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، يېقىن ئاغىنىسىنىڭ «جيالىڭ 70» تىپلىق موتسىكلىتىنى ئارىيەت ئېلىپ، شاشەنزىگە بېرىپ ئىككى خالتا ئوت ئالدى. ئۇ يەنە ئون كىلوگراملىق ماي تۇڭىدىن بىرنى ئېلىپ، تولى ماي قاچىلاش پونكىتىغا بېرىپ 5 كىلوگرام 70 ـ نومۇرلۇق بېنزىن ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

شۇ كۈنى كېچە سائەت 1 لەردىن ئاشقاندا، ئۇ جەسەتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ پاختا قاچىلايدىغان سۇلياۋ تاغارغا قاچىلاپ، نور بىلەن ئوراپ، موتسىكلىتىنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ چۆللۈككە قاراپ ئۇچقاندەك ماڭدى.

تەخمىنەن 5 كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن، توختاپ قىلىچا بىلەن ئازغانچىنى كېسىپ جەسەتنى يەرگە چۈشۈردى. موتسىكلىتنى كىچىك بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە توختىتىپ قويۇپ، جەسەتنىڭ ئۈستىگە بېنزىن چېچىپ ئوت ياقتى، تۈگىمىز ئوتقا تاشلىۋەتتى.

ئۇ دەھشەتلىك كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆرگەندىن كېيىن، موتسىكلىتنى مىنىپ نەق مەيداندىن ئايرىلدى. دېلو سادىر قىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، ئۇ يەنە 1000 پارچە بىر يۈزلۈك پۇلنى ئاغىنىسىغا بېرىپ، سۆيگەن قىزىغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن يەلكەنلىك كېمە ياساپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

شۇنداق قىلىپ شېرىن چۈشنى تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا قانۇننىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرىدى.

ئابدۇقەييۇم ئابدۇلىم (ت)





# زەھەردە تۇنجۇققان «سوۋغا»

شياۋ چيو

1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېچە. ئۈرۈمچى شەھىرى بەشيۈلتۈز يولىدىكى بىر ئىجارىلىق ئۆيدە 22 ياشلىق چى شۈمېي نەپىسى تۇختاپ، بەدىنى ئاللىبۇرۇن سوۋۇپ كەتكەن يىگىتنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. ئىبخى 2 سائەتنىڭ ئالدىدىلا، ئۇ ئۆز قولى بىلەن يىگىتنىڭ تاماق قاچىسىغا زەھەر سېلىپ، چىن دىلىدىن سۆيگەن ئادىمىنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويغانىدى.

چىراي تۇرقى ئادەتتىكىچە كەلگەن چى شۈمېي تانسىخانىدا ئۆزى ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن مۇھەببىتىگە ئېرىشتى.

چى شۈمېي 3 ياشقا كىرگەندە دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئانىسىنىڭ قولىدا غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلدى. كېيىن ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ نەسىھەت قىلىشى ۋە تېپىشتۇرۇشى بىلەن ئانىسى قايتا ياتلىق بولدى. چى شۈمېي بارا - بارا چوڭ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى ھەقىقىي چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۆزىنى ئۆگەي دادىسىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇشقا باشلىدى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنمەيتتى، ئۇمۇ ئاتا - ئانىسىغا ھېچقانداق ئىچ سىرىنى ئاشكارىلىمايتتى. ئۇنىڭ ھەتتا بىرەر سىرداش دوستىمۇ يوق ئىدى.

يېكىنمە مىجەز چى شۈمېينىڭ ھېسسىيات دۇنياسىنى ناھايىتى تارلاشتۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ بارغانسېرى كۆپ ۋاقتىنى ئاممىباپ مودا ناخشا مۇزىكىلار بىلەن ھەپىلىشىشكە ئاتىۋەتتى. ئۇ ناخشا - مۇزىكىلاردا ئىپادىلەنگەن مۇھەببەتنى گۈزەل ھەم ئازابلىق ھېس قىلاتتى. بۇ گۈزەللىك ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەر ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان چى شۈمېينىڭ مۇھەببەتكە بولغان ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ كېتىۋاتاتتى.

دەل ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مۇھەببەت راستىنلا چى شۈمېينى ئىزدەپ كەلدى.

1996 - يىلى، 19 ياشلىق چى شۈمېي ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۈرۈمچى شەھىرى سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئايرىلىپ، شىمگودىكى 1 - ئىيۇل ياختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا كېلىپ ئىشقا چۈشتى. ئۇنىڭ تەقدىر - قىسمىتى بىر قېتىملىق تانسىدا بېكىتىلىپ قالدى. لى پىڭ ئىسىملىك بىر يىگىتنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان كۆزى بىلەن كۆزى ئۇچرىشىپ قالغان چى شۈمېينىڭ قەلبى بىردىنلا لەرزىگە كەلدى، كۈچلۈك بىر ئېقىم ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن ئېقىپ ئۆتتى، ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل تەسۋىرلىگۈسىز ھېسسىيات ئۇنى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى. بىر نەچچە قول تانسا ئوينا - ئوينىمايلا، بۇ كېلىشكەن يىگىت چى شۈمېينىڭ كۆڭلىنى ئوتتۇۋالدى. تېخى ئىش كۆرمىگەن چى شۈمېي ئالاھىدە چىرايلىق ۋە لاتاپەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ياشلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بارلىق قىزلارغا ئوخشاشلا گۈزەل مۇھەببەتكە ئىنتىلەتتى. لى پىڭنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنى ئىختىيارسىز ھالدا مۇھەببەت قايىنىمىغا چۆكتۈرۈۋەتتى.

لى پىڭ دەسلەپتە چى شۈمېيغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى، لېكىن چى شۈمېي ئۇنىڭغا ئۆزىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك بېغىشلاپ، ئۇنىڭغا باشقىلار تەرىپىدىن سۆيۈلۈشنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلدۇردى، ئەلۋەتتە لى پىڭنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنىمۇ قاندۇردى.

چى شۈمېي مۇھەببەت ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆزىنى ئاتىۋەتتى، لېكىن ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ ئاتا -



ئانىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى.
لى پىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى يۇرتى شەندۇڭدا پۈتكۈزدى.
ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ،
لېكىن ئۇ قىزغىن، چىقىشقاق، كېلىشكەن بولغاچقا ،
قىز ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەيت-
تى. شۇ چاغلاردا، لى پىڭ بىلەن بىر يىللىقتا ئوقۇيدىغان
مېي ئىر ئىسىملىك ناھايىتى ساھىبجامال بىر قىز بار ئى-
دى. نۇرغۇن ئوغۇللار ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇشقان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ ھەممىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، 1 يىلدىن
كېيىن ئاخىرى لى پىڭنىڭ مۇھەببىتىگە رازىلىق بەردى.
1992 - يىلى، لى پىڭ بىلەن مېي ئىر تولۇق ئوتتۇرا مەك-
تەپنى پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا چەكلەنگەن مېۋىگە ئوغرى-
لىقچە ئېغىز تېگىشتى. كېيىن، لى پىڭ ئالىي مەكتەپ
ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي شىنجاڭغا كەتتى، لېكىن ئىك-
كىسى خەت ئالاقىسىنى توختىتىپ قويمىدى.
1996 - يىلى، لى پىڭ تانسىخانىدا تاسادىپىي ھالدا
چى شۆمېي بىلەن تونۇشۇپ قالدى. چى شۆمېينىڭ ئۇنى
تەلۋىلەرچە سۆيۈشى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قىزلار ئالدىدىكى
جەلپكارلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدۇردى، لى پىڭ
مۇشۇنداق مەستخۇشلۇق ئىچىدە، چى شۆمېينىڭ مۇھەب-
بىتىدىن پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ھوزۇرلىنىشقا باشلىدى.
1997 - يىل 10 - ئايدا، ئوتتەك مۇھەببەت قاينىمىغا
چۆككەن بۇ ئىككىسى ئاخىرى بىر ياستۇققا باش قويۇش-
تى.
چى شۆمېي لى پىڭ بىلەن دائىم بىللە بولۇش ئۈچۈن،
1998 - يىلى 1 - ئايدا، لى پىڭنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قا-
رىماي خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. ئۇ يەنە ئاتا - ئانى-
سىدىن نەچچە مىڭ يۈەن پۇل ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ چىقى-
مى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، لى پىڭنىڭ كۆڭلىنى تىنىچلاند-
ۇرۇشقا تىرىشتى.
بۇ مەزگىللەردە، چى شۆمېينىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن،
لى پىڭ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ كەلدى. ئۇ لى
پىڭنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشىنى
شۇ قەدەر ئۈمىد قىلدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى
چىراي تۇرقى بىلەن لى پىڭنىڭ كېلىشكەن قەددى قامى-
تىنىڭ ئانچە ماسلىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى.
شۇڭا ئۇ ھەر - خىل ئاماللار بىلەن لى پىڭنىڭ ئاتا - ئا-
نىسىغا ياخشىچاقلىق قىلدى، ھەتتا شېرىن ۋەدىلەرنىمۇ
بەردى. لېكىن بەزى چاغلاردا تۇرۇپلا ئۆزى دېگەن گەپلەرنى
ئىنكار قىلىۋېتەتتى. دەل مۇشۇنداق بولغاچقىمىكىنتاڭ،
ئۇ زادىلا ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى.
ۋەھالەنكى، بۇ ئىشلار چى شۆمېينىڭ لى پىڭغا بول-
غان مۇھەببىتىگە تەسىر كۆرسىتەلمىدى، ئۇ يەنىلا لى پىڭ
بىلەن ئۆي تۇتۇش خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.
لېكىن، لى پىڭ كۆڭلىدە باشقا چوت سو-
قۇۋاتاتتى.
لى پىڭ گەرچە دەسلەپتە چى شۆمېينى



ئانچە مۇنچە قەدىرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن
بىللە يېتىپ قوپۇپ بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭدىن زېرى-
كىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چى شۆمېينى ياخشى
كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ
تۇنجى مۇھەببىتىنى ئەسلەشكە باشلىدى، شەندۇڭدا قېپ
قالغان سۆيگىنى مېي ئىر ئېسىگە كەلسىلا، ئۇنىڭ كۆڭ-
لى بايراپ كېتەتتى. ئۇ مېي ئىرنىڭ تېخى ياتلىق بولمى-
غانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپىنى
قويدى ھەمدە ئۇنى باھار بايرىمىدا ئۈرۈمچىگە كېلىشكە
تەكلىپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، لى پىڭ بىر تەرەپتىن مېي
ئىر بىلەن توي ئىشى ھەققىدە مەسلىھەتلەشسە، يەنە بىر
تەرەپتىن چى شۆمېي بىلەن بىللە يېتىپ قوپۇۋەردى، چى
شۆمېي بۇ ئىشلاردىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى.
بىر كۈنى، چى شۆمېي كوچىدا لى پىڭ بىلەن مېي
ئىرنىڭ قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى،
شۇندىلا لى پىڭنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ باشقا بىرىنى تې-
پىۋالغانلىقىنى بىلدى. لى پىڭ چى شۆمېيغا ئوچۇقلا قى-
لىپ، ئۆزىنىڭ مېي ئىر بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى، ئۇ-
نىڭ بىلەن بۇ ئۆمرىدە بىللە بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.
چى شۆمېي بۇنىڭدىن چەكسىز ئازابلاندى. ئۇ، لى
پىڭ مېنى ئەخمەق قىلدى دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنى ئۆز بېشىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئارزۇسىدىن زادىلا كې-
چەلمىدى. 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئۇ كۈندىلىك خاتى-
رىسىگە: «مەن راستىنلا ئۇنىڭغا لايىق كەلمەسمەن، ئۇ
مېنى زادىلا قوبۇل قىلماسمۇ؟ ياق، ئۇززۇمنى ئۆزگەرتىشكە
تىرىشىپ بېقىشىم كېرەك...» دەپ يازدى. بۇنىڭدىن ئۇ-
نىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىنى ۋە ئىنتىلىشىنى كۆ-
رۈۋالغىلى بولىدۇ.
رېئاللىق چى شۆمېينىڭ خىيالىنى بەربات قىلدى،
ھېسسىياتى دەپسەندە قىلىنغان بۇ قىز كۆكرەك كېرىپ
خەتەرگە تەۋەككۇل قىلدى
3 - ئاينىڭ بېشىدا، مېي ئىر شەندۇڭغا قايتىپ كەت-
تى. شۇنىڭ بىلەن چى شۆمېينىڭ كاللىسىدا لى پىڭ بى-
لەن بولغان ئىلگىرىكى مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
ئۈمىدى قايتا تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جىنسىي
مۇناسىۋىتى ئىلگىرىكىدىنمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈ-
رۈلۈپ كەتتى. چى شۆمېي ئۆزىنىڭ ئۇسۇلىنى
ئۆزگەرتىش ئارقىلىق لى پىڭنى ئۆزىگە ئىلگىرى-
كىدەك قارىتىۋېلىشقا تىرىشتى. لېكىن، لى پىڭ
بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان تەلۋىلەرچە
مۇھەببىتىدىن قانغۇدەك ھوزۇرلانسا، يەنە بىر تە-
رەپتىن شەندۇڭدىكى سۆيگىنى مېي ئىر بىلەن
بولغان تېلېفون، خەت ئالاقىسىنى داۋاملاشتۇرۇ-
ۋەردى.
5 - ئايدا، لى پىڭ مېي ئىر ۋە ئۇنىڭ ئا-

ئىلىسىلىكىلەرنى يوقلاش ئۈچۈن شەنجۇڭغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان چى شۇمېي يەنە بىر قېتىم ئازابلاندى، ئاچچىقىدا مېي ئېرنىڭ ئۈيىگە: «لى پىڭ ئۆلدى، ئەمدى ئۇنى كۈتمەڭلار!» دەپ تېلېفون بەردى. دەرۋەقە، لى پىڭنىڭ سەپەر داۋامىدا ئازراق ئىشى چىقىپ قېلىپ، ئىككى كۈن كېچىكىپ قالدى. مېي ئېر بىلەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى لى پىڭنىڭ راستىنلا ئۆز قەرەلىدە يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، سارسىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئىككى كۈندىن كېيىن لى پىڭ يېتىپ كېلىپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى.

مېي ئېرنى يالغان گەپ بىلەن قورقۇتۇۋالغان چى شۇمېي يەنە بولدى قىلماي، لى پىڭنىڭ مېنى تاشلىۋېتىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىزنى قوللىمىغانلىقىدىن بولدى، دەل ئاشۇلار مېنىڭ مۇھەببىتىم بىلەن بەختىمنى نابۇت قىلدى، دەپ ئويلاپ، لى پىڭنىڭ ئانىسىغا تېلېفون بېرىپ: «ئەگەر لى پىڭنى مېي ئېرگە ئۆيلەپ قويۇدىغان بولساڭلار، لى پىڭنى ئۆز قولۇم بىلەن جەھەننەمگە يوللۇۋېتىپ، سىلەرگە ئوغلۇڭلاردىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ دەردىنى تېتىتىپ قويىمەن» دەپ جار سالدى. لېكىن ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى لى پىڭنىڭ ئانىسىنىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغىيالمىدى. بۇ ئايال چى شۇمېي قىزنى يوپۇزا قىلىۋاتىدۇ، دەپلا ئويلىدى.

چى شۇمېي لى پىڭنى قايتا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىۋاتقان كۈنلەردە، 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مېي ئېر يۈرتىدىن توي خېتى ئېلىش رەسمىيىتىنى كەستۈرۈپ، يات يېقىندا كېلىشىمىك بولۇش خىيالىنى قىلغىنىچە 2 ـ قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلدى. بۇ ئىش چى شۇمېينىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارغىنە ئۈمىدىنىمۇ ئۈزۈل ـ كېسىل بەربات قىلىۋەتتى. ئۇ لى پىڭنىڭ يات يېقىندا مېي ئېر بىلەن توي قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى زادىلا قوبۇل قىلالمىدى.

بۇ چاغدا، لى پىڭ ھەدەپ توينىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ۋاقىت چىقىرىپ، ئىلگىرىكىدەكلا چى شۇمېينىڭ يانىغا بېرىپ ئۇنىڭ قىزىشلوگىيىلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ تۇردى. ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى قىزنى كولدۇرلىتىپ كۆڭلىنى ئېچىپ يۈرۈۋاتقانلىقىدىن ناھايىتى كۆرەڭلەپ كېتىۋاتاتتى. ئەپسۇسكى، بۇ نادان يىگىت ئوت بىلەن ئوينىشىۋاتقان ئادەمنىڭ ئوتتا ھالاك بولىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ چى شۇمېينىڭ جاھىل خاراكتېرىدىن ۋە روھىي بېسىمىدىن پەيدا بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكىگە ئېتىبارسىز قاراپ، ئاخىرى بۇ تراگېدىيىنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالدى.

لى پىڭ 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مېي ئېر بىلەن توي خېتى ئالماقچى ئىدى.

لى پىڭدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزگەن چى شۇمېي ئۆزى ئىلگىرى دېگىنىدەك، لى پىڭنى ھەرگىز باشقا بىرى بىلەن توي قىلدۇرماسلىق قارارىغا كەلدى. 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كەچ سائەت 7 دىن ئاشقاندا، چى شۇمېي لى پىڭغا تېلېفون بەردى: «سىزگە بىر جۈپ ئاياغ ئېلىپ قويغانىدىم، ئەتە مېي ئېر بىلەن توي خېتى ئېلىپ ئۇنىڭ ئېرىگە ئايلىنىسىز، كېلىپ ئەڭ ئاخىرقى سوۋغامنى تاپشۇرۇپ ئېلىۋېلىڭ!».

چى شۇمېينىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن لى پىڭ ئاخىرى ئۇنىڭ يانىغا كەلدى. ئۇ چى شۇمېي بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ، ئاياغنى كىيىپ كۆرۈپ باققاندىن كېيىن، ئىلگىرىكىدەكلا ئۇنىڭ بىلەن كارىۋاتقا چىقىپ ئىرماش چىرماش بولۇپ كەتتى. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، چى شۇمېي ئۆزىنىڭ پىلانى بويىچە ئىش كۆردى. لى پىڭ بۇ كېچىنىڭ ئۆزىنىڭ 25 يىللىق ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى.

تەخمىنەن 22 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، چى شۇمېي تەييار چۈيۈپ ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان 4 قاپ چاشقان دورىسى سېلىنغان قاچىغا سېلىپ دەملىگەندىن كېيىن، لى پىڭغا تۇتقۇزدى. لى پىڭ بىر نەچچە ئېغىز ئىچكەندىن كېيىن، دەسلەپتە بېشى قايدى، 5 مىنۇت بولغاندا دورا كۈچىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭ نەپىسىنى توختاتتى.

## ئاخىرقى سۆز

بىر مەيدان مۇھەببەت تراگېدىيىسى لى پىڭنىڭ ھاياتى بىلەن چى شۇمېينىڭ ئېغىر بەدىلى ھېسابىغا ئاخىرلاشتى. لى پىڭنى ھېسسىيات بىلەن ئوينىشىپ ئۆزىنى ئۆزى نابۇت قىلدى دېسەك، ئۇ ھالدا چى شۇمېي ياجىئەسى ئۆزىنىڭ ئىرغانچۇقلۇقى ۋە لى پىڭنى ئىگىلىۋېلىش كۈچلۈك ئىستىكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقتى. مۇھەببەت ئەسلىدە ئىككى تەرەپ بارلىقىنى تۆلىيدىغان بەدەلدۇر. لېكىن چى شۇمېي مۇھەببەتنى بەكلا ئاددىي چۈشىنىۋېلىپ، ئەسلىگە كېلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان مۇھەببىتىگە جاھىللىق بىلەن ئېسىلىۋالدى. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى كەمتۈكلۈك ئۇنى مۇھەببەتنىڭ ئاخىرى چىقماس تۇيۇق يولىغا باشلاپ قويدى. ئاقىۋەتتە، بۇ تراگېدىيە يۈز بېرىپ، تەلىيى كاج كەلگەن مېي ئېرنىڭ قەلبىگە ساقايماس ئازاب سېلىپ قويدى.

مۇھەببەتكە ساغلام پسىخىكىمىز، ساغلام ئەقىل ھوشىمىز بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزغا، يەنە ئۇنى كۆزىمىز ۋە قەلبىمىز ئارقىلىق كۆزىتىشىمىزگە، ئۇ ھەقتە تېپەككۇر يۈرگۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ھەقىقىي سۆيگۈ مۇھەببەتنى تاپقىلى بولىدۇ، مۇھەببەتكە ئاق كۆڭۈللۈك، سادىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلا بولساق، مۇھەببەت تېخىمۇ گۈزەل، ھايات تېخىمۇ ئارام بەخش، شادىمان بولىدۇ.

گۈلبوستان نەمتۇللا(ت)



# جىنايى ئىشلار رازۋېدكىسىدىكى پەن - تېخنىكىنىڭ كارامەتلىرى




يېقىندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنىنى زىيارەت قىلىپ، زامانىۋى يۇقىرى پەن - تېخنىكا ۋاستىلىرىنىڭ ساقچىلىرىمىزنىڭ قىيىن دېلولارنى پاش قىلىشىدا ئاجايىپ زور رول ئويناۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سەھەردە، بىرەيلەن ۋېيخۇلياڭ كارتوگرافىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ يېنىدىكى يول بويىدا ئىچىگە بىر نەرسە قاچىلانغان بىر خىمىيىۋى ئوغۇت خالتىسىنى ئۇچرىتىپ، دەرھال خالتىنى ئاچتى. خالتىدىن نەچچە پارچە قىلىپ چانىۋېتىلگەن بىر ئايالنىڭ جەسىتى چىقتى. جەسەتنىڭ پۇت قول ۋە ئاساسىي گەۋدىسى بار بولۇپ، پەقەت بېشىلا يوق ئىدى. بۇنداق جەسەتنى پارچىلىۋېتىش دېلولىرىدا ساقچىلار ئادەتتە جەسەتنىڭ مەنبەسىنى بېكىتىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ھەر تەرەپلىمە مۇناسىۋىتىنى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، دېلو پاش قىلىشتىكى يىپ ئۇچىنى تېپىپ چىقاتتى. لېكىن بۇ ئايال جەسىتىنىڭ بېشى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ مەنبەسىنى بېكىتىشكە ئامال بولمىدى.

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جىنايى ئىشلار رازۋېدكىچىلىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قورۇسىنىڭ سىرتىدا سۇلياۋ خالتىغا قاچىلانغان بىر ئايال جەسىتىنىڭ بېشىنى بايقىدى. بۇ باش ۋېيخۇليادا بايقالغان ھېلىقى ئايال جەسىتىنىڭمىدۇ؟ نەق مەيداننى چارلاش داۋامىدا قانداق قىلىپ جىنايەت گۇماندارىنىڭ دېلو سادىر قىلىش ئىزناسىنى تېپىپ، جىنايەت ئىسپاتىنى بېكىتىش كېرەك؟

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنىدىكى كەسپىي خادىملار دەرھال بۇ خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار PCRدىن، يەنى تەن گېنىنى تەكشۈرۈش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى يەردىن تېپىلغان بۇ جەسەت پارچىلىرىنى گېن نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ جەسەت پارچىلىرىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى، ئاندىن شۇ ئاساستا بۇ جەسەتنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتتى. ساقچىلار ئۇزلىرى گۇمانلىق دەپ قارىغان مەزكۇر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىلگىرىكى ئېرىنى سوراق قىلىۋىدى، ئۇ جىنايىتىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمىدى. لېكىن، ئىلگىرىكى ئايالىنى قەبىھلەرچە پارچىلىۋەتكەن بۇ ئەر جەسەتنىڭ بېشىنى سۇلياۋ خالتىغا قاچىلىغان چاغدا، ھەر قانچە ئېھتىيات قىلىغان بول-



سىمۇ، لېكىن سۇلياۋ خالتىنىڭ ئېغىزىدىكى ماگېنىتلىق لېنتىدا بىر بارمىقىدىن ئىزى قېلىپ قالغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. گەرچە بارماق ئىزى تولۇق ۋە ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن كەسپىي خادىملار ئۇنى كۆپ دولقۇنلۇق يورۇقلۇق مەنبەسى ئارقىلىق كۆزىتىپ ھەمدە ئۆلتىرا بىنەپشە نۇردىن پايدىلىنىپ سۈرەتكە تارتىۋالدى. بۇ بارماق ئىزى مەزكۇر قاتىللىق دېلوسىدىكى پولاتتەك پاكىت بولۇپ قالدى. يۇقىرىقى پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچ قۇدرىتى ئالدىدا، ئادىمىلىكىنى يوقاتقان بۇ قەبىھ ئەر ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشىنى ئىنكار قىلماي تۇرالمىدى.

1991 - يىل جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا كەسپىنىڭ مەخسۇس كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ، ھازىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك جىنايى ئىشلار رازۋېدكا نارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى، قوشۇمچە جىنايى ئىشلار پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى ئورنىنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان لىيۇ خاۋجې بىلەن كۆرۈشكىنىمدە، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

-دېلو يۈز بەرگەن نەق مەيداننى چارلاپ تەكشۈرگەندە رازۋېدكا قىلىش دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، رازۋېدكىچىلارغا يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سەھەردە، پوسكام ناھىيىسى سەيلى بېزىسىنىڭ ساقچىخانىسى تۇيۇقسىز بىر توپ تېررورچىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى بىلەن نۆۋەتتە تۇرۇۋاتقان بىر جىنايەتچى ئۆلۈپ، ئىككى ساقچى ئېغىر يارىلاندى. دېلو يۈز بەرگەن نەق مەيداندا بېنزىندا كۆيۈپ ئۆلگەن بىر نامسىز ئەرنىڭ جەسىتى بايقالدى. ساقچىلار دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش، رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق، كۆيۈپ ئۆلگەن بۇ نامسىز ئەرنىڭ تېررورچى مەتتىمىن ئەخمەت بولۇش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ، ئۇ يارىلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شېرىكلىرى يوچۇقنى ئېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلدى.

شۈبھىسىزكى، بۇ نامسىز جەسەتنىڭ مەتتىمىن ئەكەنلىكىگە ياكى ئەمەسلىكىگە توغرا ھۆكۈم چىقىرىش رازۋېدكا يۆنىلىشىنى ۋە رازۋېدكا دائىرىسىنى بېكىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى ئۇنىڭ ئۇرۇق جەمەت مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىتىدە بۇ نامسىز ئەرنىڭ جەسىتىنى DNA بويىچە تەكشۈرۈپ چىقماقچى بولدى. لېكىن مەتتىمىن ئەخمەتنىڭ دادىسى خېلى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، DNA تەكشۈرۈشىنى قانداق ئېلىپ بېرىش بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. جىنايى ئىشلار پەن -تېخنىكا تەتقىقات ئورنىدىكى كەسپىي خادىملار كۆڭۈل قويۇپ لايىھە تۈزۈپ، مەتتىمىن ئەخمەتنىڭ باشقا ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ گېن تىپى ئارقىلىق ئۇنىڭ دادىسىنىڭ گېن تىپىنى مۆلچەرلەپ، ئۇنى مەتتىمىن ئەخمەتنىڭ گېن تىپىغا ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقتى، نەتىجىدە DNA تەكشۈرۈش خاسلىقلىرى 9 دانەSTR نۇقتىسىدىن مۆلچەرلەش بويىچە بىلەن مەتتىمىن ئەخمەتنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن دادىسى بىلەن بېنزىندا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن نامسىز جەسەتنىڭ ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئۇلارنىڭ گېن تىپىنى سېلىشتۇرۇشتىكى ئوخشاشلىق نىسبىتى جەمئىي 0.9999999993817 بولۇپ، ئادەتتە 10 مىليارد ئادەم ئىچىدە پەقەت ئىككى ئادەمنىڭ گېن تىپى ئوخشاش چىقىدۇ. تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكشۈرۈش لايىھىسى بىلەن بېكىتكەن يەكۈنى ج خ مىنىستىرلىقى ماددىي ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش مەركىزى ئېرسىيەت بۆلۈمىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

نامسىز ئەر جەسەتنىڭ بېكىتىلىشى مەزكۇر دېلونى پاش قىلىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

پۈتۈن پەن - تېخنىكا ۋاستىلىرىنىڭ رازۋېدكا خىزمىتىدە قوللىنىلىشى ساقچىلارنى كۈچلۈك قورال بىلەن تەمىن ئەتتى. يۇقىرى پەن -تېخنىكا ۋاستىلىرى مۇرەككەپ، چىگىش، سىرلىق دېلولاردا قايمۇقتۇرۇلغان، ناھەق قارىلانغان بىگۇناھ كىشىلەرنى ئاقلاشتا ئۆزىنىڭ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك سو ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتىدا بىر قاتىللىق دېلوسى يۈز بېرىپ، بىر موماي بىلەن ئۇنىڭ نەۋرىسى ئۆز ئۆيىدە ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەن. ئۆلگۈچىلەرنىڭ بەدىنىنىڭ كۆپ قىسمى پىچاق تىقىپ يارىلاندۇرۇلغان بولۇپ، كۆزلىرىمۇ زەخىملەندۈرۈلگەن.

رازۋېدكىچىلار ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق، مومايىنىڭ قىزىنىڭ ئاشنىسىنى جىنايەت گۇماندارى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان. ئۇ ئارلېۇس شوپۇرى بولۇپ، مومايىنىڭ قىزى بىلەن ئۆزۈندىن بېرى خۇپىيانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. ئۇ كۆڭلىدىكى ئادىمى(مومايىنىڭ قىزى) بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن، ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن ھەمدە كۆڭلىدىكى ئادىمىنىڭمۇ ئېرىدىن بالدۇرراق ئاجرىشىپ ئۆز يېنىغا قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىغان. لېكىن مومايىنىڭ قىزى ئۆزىنىڭ قىزى(ئۆلتۈرۈلگەن نەۋرە قىز) دىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، نىكاھتىن ئاجرىشىش ئىشىنى كېيىنگە سۈرۈپ كەلگەن. بۇ ئايالنىڭ ئانىسى، يەنى ئۆلتۈرۈلگەن موماي قىزىنىڭ ئاشنىسىغا قاتتىق ئۆچلۈك قىلىپ، ئۇنى نەچچە قېتىم ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن. شۈبھىسىزكى، بۇ چاغدا ئارلېۇس شوپۇرىنىڭ كاللىسىدا دېلو سادىر قىلىش ئويى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرمىلەن دېلو سادىر بولغان ۋاقىتتا ئارلېۇس شوپۇرىنى دېلو يۈز بەرگەن نەق مەيداننىڭ ئەتراپىدا ئۇچرىتىپ قالغان. رازۋېدكىچىلار بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئارلېۇس شوپۇرىنى



جىنايەت گۇماندارى دەپ قاراپ، جىنايى ئىشلار جىنايىتى بويىچە تۇتۇپ تۇرغان.

نەق مەيداننى رازۋېدكا قىلىشقا قاتناشقان قىسمەن كەسپىي خادىملار دادىللىق بىلەن باشقا بىر خىل قىياسنى ئوتتۇرىغا قويغان: بۇ مۇھەببەت قاتىللىقى دېلوسى ئەمەس، بەلكى ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىش ياكى ئوغرىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت جىنايى ئىشلار دېلوسى. بىز بۇ قىياسنى نەق مەيداننى رازۋېدكا قىلىش داۋامىدا چىقاردۇق. بىرىنچىدىن، دېلو يۈز بەرگەن نەق مەيدان ناھايىتى قالايمىقان بولۇپ، بىر نەچچە پەردە نەرسە-كېرەكلەرنى ئۆرۈپ چۇۋۇۋەتكەنلىكىنىڭ ئىزناسى بار. بۇنىڭدىن بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قىلمىشىنىڭ روشەن ئالامەتلىكى چىقىپ تۇرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، دېلو يۈز بەرگەن نەق مەيداندىكى ئۆرە ئىشكاپ بىلەن بېزەكچىلىق ئۈستەلنىڭ تارتمىلىرى چىشلىق پىچاق بىلەن قومۇرۇپ ئېچىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چىشلىق پىچاق ئۆيدە ئەسلىدىنلا بار بولماستىن، بەلكى ئۇنى جىنايەت گۇماندارى ئېلىپ كىرگەن. مۇھەببەت قاتىللىقى دېلوسى بولسا، جىنايەت گۇماندارى چىشلىق پىچاق كۆتۈرۈپ يۈرمەسلىكى مۇمكىن.

كېيىنكى رازۋېدكا خىزمىتى كەسپىي خادىملارنىڭ يۇقىرىقى قىياسىنىڭ ئىلمىي ھەم توغرا ئىكەنلىكىنى، قاتىلنىڭ يۆتكىلىپ يۈرۈپ جىنايەت سادىر قىلىدىغان جەمئىيەتتە لاغايلاپ يۈرگەن ئىككى باش بالا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھېلىقى ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلغاندىن كېيىن، ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ يوچۇقنى ئېتىۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى ئارلېۋس شوپۇرى گۇناھسىز دەپ قويۇۋېتىلدى.

PCR بويىچە تەكشۈرۈش ئارقىلىق جىنايەت گۇماندارىنى بېكىتىش جىنايى ئىشلار رازۋېدكا خىزمىتىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان ۋاستە بولۇپ قالدى.

1999-يىل 6-ئاينىڭ 19-كۈنى كەچتە، قازاقىستانلىق يەككە شوپۇر نىكولاي بىلەن سېرگېي جىممىنەي ئېغىزىدىكى ئاققۇ مېھمانخانىسىدا جۇڭگولۇق ئىككى قىزغا نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىپ، ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلدى. 3 نەپەر جىنايەت گۇماندارى ئۆزلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشىنى قەتئىي بويىنىغا ئالمىدى. ئالتاي ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى نەق مەيداندىكى كىرلىك، يوتقان تېشى، تازىلىق قەغىزى، باسقۇنچىلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ جىنسىي ئەزالىرىدىن چىققان ئاجراتمىلار، ئۇنىڭغا چاپلىشىپ قالغان تۈك قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار پەن-تېخنىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكشۈرۈپ بېرىشىگە ئەۋەتتى. تېخنىك خادىملار بۇ ماددىي نەرسىلەرنى 3 نەپەر جىنايەت گۇماندارىنىڭكىگە سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قان تىپىنىڭ تامامەن ئوخ-



شاش ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. پولاتتەك پاكىت ئالدىدا، جىنايەت گۇماندارلىرى ئۆزلىرىنىڭ رەزىل جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار پەن-تېخنىكا تەتقىقاتى ئورنى 1990-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدىكى 22 ئىچكى ئاپپاراتنىڭ بىرى. ئۇ بىر قانچە تارماق ئىدارىنىڭ تېخنىكا تارماقلىرىنى باشقۇرىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئالاھىدە چوڭ دېلولارنى نەق مەيداندا رازۋېدكا قىلىشقا ۋە ماددىي ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ج خ ئورگانلىرىنى جىنايى ئىشلار پەن-تېخنىكىسى بويىچە قوللايدۇ ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

بۇ ئورۇن ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا، سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، شۇنداقلا ھەممىسى مەخسۇس كۇرستىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە تېخنىكا خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن قابىل قوشۇنغا تايىنىپ، جىنايى ئىشلار پەن-تېخنىكا تەتقىقاتىدا قاتتىق دېتال جەھەتتە بولسۇن ياكى يۇمشاق دېتال جەھەتتە بولسۇن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىھال سەۋىيىسىدىن يۇقىرى دەرىجىگە يەتتى. ئۇلار 1999-يىلى 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوراشتۇرۇپ ئىشقا كىرىشتۈرگەن SPECTVWM ONE ئىنفىرا قىزىل نۇر سپېكتىرى ئەسۋابى بىلەن ACTOIMOGE SYSTEM قىزىل نۇر مىكروسكوپى بىرلەشمە سىستېمىسى دۇنيادىكى ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە ئانالىز ئەسۋابلىرى بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق تۈرلۈك مىكرو ماددىي ئىسپاتلارنى، جۈملىدىن سۇلياۋ، كاۋچۇك، سىر، ھاك، بوياق، گىرىم بۇيۇملىرى، ئورگانىك پارتلاتقۇچ دورا، سىياھ، مەتبەئە مېيى قاتارلىق نەچچە مىڭ خىل ئورگانىك بىرىكمە ماددىلارنى تېز، توغرا تەھلىل قىلالايدۇ ھەمدە بۇ نەرسىلەرنى ھېچقانداق بۇزۇپ قويماي تەكشۈرۈپ چىقالايدۇ.

1999-يىل 9-ئاينىڭ 17-كۈنى، دۆلەت تاشيولى 312-نومۇرلۇق لىنىيىسىنىڭ قۇتۇبى بۆلىكىدە پەۋقۇلئاددە زور قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، ۋەقە تۇغدۇرغۇچى قېچىپ كەتكەنىدى. ئىككى شوپۇر ئۆلۈپ، ئىككى ئاپتوموبىل سوقۇلۇپ كېرەكتىن چىقتى. ۋەقە تۇغدۇرغان ئاپتوموبىل نەق مەيداندىن قېچىپ كېتىدۇ. كېيىن كۆپ تەرەپتىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق گۇمانلىق شوپۇرلار قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ۋەقە تۇغدۇرغانلىق پاكىتىنى بويىنىغا ئالماي تۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇتۇبى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ تېخنىكا خادىملىرى سوقۇلۇپ كەتكەن ئاپتوموبىللار بىلەن گۇمانلىق ئاپتوموبىلنىڭ سىر ئەۋرىشكىسىنى ۋە گۇمانلىق ئاپتوموبىلدىن ئېلىنغان ئاز-

غىنە سىر پارچىلىرىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەھلىل قىلىپ بېكىتىپ بېرىشىگە ئەۋەتتى. تېخنىكلار SPECTVWM ONE ئىنفىرا قىزىل نۇر سپېكتىرى ئەسۋابى ۋە ACTOIMOGE SYSTEM ئىنفىرا قىزىل نۇرى دۇربۇنى بىرلەشمە سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى ھەمدە گۇمانلىق ئاپتوموبىلنى بېكىتىپ چىقتى. پولاتنىڭ ئىلمىي پاكىتلار جىنايەت گۇماندارلىرىنى ۋەقە پەيدا قىلىپ قېچىپ كېتىش جەريانىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بايانلىرى بىلەن تەتقىقات ئورنىدىكى تېخنىك خادىملارنىڭ تەھلىلى تامامەن بىردەك بولۇپ چىقتى. 1999 -يىل 10 -ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۈجىنگەي كوچىسىدا بىر قاتىللىق دېلوسى يۈز بەردى. تېخنىك خادىملار نەق مەيداننى رازۋېدكا قىلىش داۋامىدا، بىر ئەر ، بىر ئايال جەسەتنى تەكشۈرۈپ، ئايال جەسەتنىڭ دۈمبىسىگە ئازراق سېرىق پارلشوك چاپلىشىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. كەسپىي خادىملار پارلشوك ئەۋرىشكىسىنى ئىنفىرا قىزىل نۇرى سپېكتىرى يەنى تولۇق ئاپتوماتىك مىكروسكوپ بىرلەشمە سىستېمىسى ئارقىلىق تەھلىل قىلىپ، مەزكۇر سېرىق پارلشوكنىڭ رەڭلىك باسما ھەل تەركىبى بىلەن بىر خىل ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆلگۈچى ئايال تۇرغان جايدا رەڭلىك باسما ھەل بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىشتى، بۇ جىنايەت سادىر بولغان نەق مەيداننى بېكىتىش، رازۋېدكا قىلىشنى ئىلمىي دەلىل ئىسپات بىلەن تەمىن ئەتتى.

بۇ بىر يۈرۈش ئىلغار ئىنفىرا قىزىل نۇر سپېكتىرى تولۇق ئاپتوماتىك مىكروسكوپ بىرلەشمە سىستېمىسى بېيجىڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنىدىمۇ يوق. بۇنىڭدىن باشقا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنىدىكى ئورگاننىڭ ماددا تەركىبلىرىنى ۋە دورا - دەرمەكلەرنى ئانالىز قىلىدىغان بىرلەشمە ئەسۋاب، بارماق ئىزىنى ئۇلترا نۇردىن پايدىلىنىپ سۈرەتكە تارتىش سىستېمىسى ۋە كۆپ دولقۇنلۇق يورۇقلۇق مەنبەسى سايمىنى بىر سائەت ئىچىدە بىر بارماق ئىزى ئەۋرىشكىسى بىلەن ئارخىپتا ساقلانغان 300 مىڭ بارماق ئىزىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈپ چىقالايدۇ. بۇلار نۆۋەتتىكى ئەڭ ئىلغار ئۈسكۈنىلەردۇر. بۇ ئورۇن ھازىر 2 مىليون يۈەنلىك بىر تۈرنى يەنى DNA گېن تەكشۈرۈش ئەسۋابى كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ. بۇمۇ دۇنيادىكى ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە ئۈسكۈنە بولۇپ، ئۇ كىرگۈزۈلسە، ساقچىلىرىمىز تېخىمۇ ئۆتكۈر قورالغا ئىگە بولىدۇ - دە، جىنايەتچىلەرگە تېخىمۇ ئەجەللىك زەربە بەرگىلى بولىدۇ.

بۇ يەردىكى ئىلغار ئۈسكۈنىلەر مېنى ئۆزىگە ناھايىتى جەلپ قىلدى، بولۇپمۇ مۇشۇ ئۈسكۈنىلەر بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان كەسپىي خادىملارنىڭ ئۆزلىرىنى تەقدىم قىلىش روھىدىن ناھايىتى تەسىرلەندىم. قانۇن دوختۇرلىرىنىڭ ماددىي ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدا 3 نەپەر ياش ئايال بىلەن كۆرۈشتۈم. مەن بۇ كەسپىي خادىملاردىن: «پارچىلىنىپ كەتكەن جەسەتلەرنى ۋە زىيادە چىرىپ كەتكەن جەسەتلەرنى تەكشۈرگەندە، ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش ئىنكاستا بولامسىلەر؟» دەپ سورىدىم. ئۇلار كۆپ ئويلىمايلا، ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىزمەتكە كىرىشكەن دەسلەپكى مەزگىلدە ھەقىقەتەن شۇندااق ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى، ھازىر كۆنۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى.

ياش ئايالار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ خىل «كۆنۈش» ئەمەلىيەتتە روھىي ۋە فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتە ناھايىتى ئازابلىق بىر جەرياندۇر.

1997 - يىل باھار بايرىمى مەزگىلىدە، بىر ئوچۇم زوراۋان، تېررورچى جىنايەتچىلەر غالجىرلارچە ھالدا ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە «25 - فېۋرال» پارتلىتىش دېلوسىنى پەيدا قىلدى. دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن ج خ خادىملىرى 3 -يول ئاپتوبۇستىن بىر دانە سائەتلىك بومبىنى تاپتى. ھازىر جىنايى ئىشلار پەن -تېخنىكا تەتقىقات ئورنى تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتقان چې ۋېنسېن بىلەن يەنە بىر يولداش شۇ چاغدا نەق مەيداندا پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ھېلىقى بومبىنىڭ قۇرۇلمىسىنى چۇۋۇپ، ئاندىن كېيىن جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ بومبىدىكى بارماق ئىزىنى ئېلىۋالغان. بۇ مەزگىلدە، مەزكۇر بۆلۈمدە تېخى پارتلاشتىن زەخىملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان كىيىم - كېچەك ۋە باشقا ئۈسكۈنىلەر يوق ئىدى.

مەن بۇ ھەقتە چې ۋېنسېن بىلەن پاراڭلاشتىم:

- سىلەر شۇ چاغدا پارتلاشتىن زەخىملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى قوللاندىڭلارمۇ؟

- بىز تۆمۈر قالپاق كىيىۋالغانىدۇق.

- ئەگەر، بومبا پارتلاپ كەتسە، تۆمۈر قالپاق دال بولالامدۇ؟

-دال بولالمايدۇ.

- پارتلاش بۇيۇملىرى پارتلايدىغان چاغدا بىرەر بىشارەت كۆرۈلەمدۇ؟

- ياق.

ئېنىقكى، ئۇلار پۈتۈنلەي ساداقەتمەنلىكىگە ۋە دادىللىقىغا تايىنىپ، ئۆلۈم ئىلاھى بىلەن جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ئېلىشىدىكەن.

ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ تەسىرلىنىپ بەرگۈسىز بىر خىل ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم.

قاھار ئوسمان (ت)



# چەت ئەلگە چېتىلغان ئىقتىسادىي ماجرا دېلوسىدىن كېلىپ چىققان پاجىئە



غۇلجا شەھىرىدە خۇ شيەنبىن ئىسىملىك پىنسىيەگە چىققان پىشقەدەم كادىر بار. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى پەرزەنتلەر بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ چوڭلارنى يوقلايدىغان ئىنتايىن ياخشى ئادەت بار. بوۋايىنىڭ ئۆيى كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭ 4 ئوغلى بىلەن بىر قىزى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ ئۆيگە كەلسە 16 - 17 ئادەم ئۆيگە پاتمايلا قالىدۇ. بۇنداق چاغلاردا بوۋاي بىلەن موماي بالا - چاقىلىرىنى ئويدىلىراق يەپ - ئىچكۈزۈشنى ئويلىسىمۇ، لېكىن ئامالسىز ھالدا گۆشسىز قورۇما - تاماقلارنى ئېلىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ ... شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار بۇ قائىدىنى خېلى يىللارغىچە ئۈزگەرتمەي كەلدى.

باشقىلار لاۋخۇنىڭ ئائىلىسىدىكى 3 ئەۋلاد كىشىلەرنى ئىناق - ئىتتىپاق، خۇشال - خۇرام ئۆتىدۇ دەپ قارايتتى. لېكىن لاۋخۇ مۇشۇ كۈنلەردە چىدىغۇسىز دەرت ئەلەمگە مۇپتىلا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ 4 ئوغلىنىڭ 3 ى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلدى، ئەڭ ئېغىر دەرت كىچىك ئوغلىنىڭ بېشىغا كەلدى. ئۇ قەرزگە بوغۇلۇپ قالغاچقا، ئائىلى ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. يانچۇقىدا پۇلى بولمىغاچقا، بالىسىمۇ يەسلىگە كىرەلمىدى. ئائىلىدىكى پەرزەنتلەر دادىسىنى دەپ نەچچە 10 مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇلۇپ قالدى. بوۋاينىڭ ئائىلى پۇل ئۇچۇن بىر ئۆمۈر تېككۈچىلىك قىلىپ، كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى دەسسەۋېرىپ پۇتىنىڭ شەكلىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق مىڭ بىر جاپادا تاپقان 100 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇلى لاۋخۇنىڭ قولىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا كۆلگە ئايلاندى، موماي يۈەنگىدىن ئېغىر روھىي ئازابقا مۇپتىلا بولدى، قەرز ئىگىسى كۈندە دېگۈدەك كېلىپ قەرزنى سۈيلەيتتى. 400 نەچچە مىڭ يۈەن! مانا مۇشۇنداق ئېغىر زەربە تۈپەيلىدىن، نەچچە يىلغا بارمايلا لاۋخۇنىڭ چېچى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ، بېلى يادەك ئېگىلدى. ئۇ ھەمىشە «بارلىق بالانى مەن تېرىدىم، ئايالىم، پەرزەنتلىرىم، ھەتتا نەۋرىلىرىمنىڭ بەختىگىمۇ مەن ئولتۇردۇم. گۇناھىم تاغدىنمۇ چوڭ» دەپ ئويلايتتى. ئۇ بۇنداق ئېغىر روھىي بېسىمغا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەي، 6 - قەۋەتتىكى ئۆيىدىن سەكرەپ ھەممىدىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولغان بولسىمۇ، مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى ... شۇ كۈندىن باشلاپ، ئائىلى ھېلىقى 100 مىڭ يۈەننى دەپ ئۇنىڭ بېشىنى ئوچاق ئىتتىشنى چورتلا توختاتتى، پەرزەنتلىرىمۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەيلى قانداق مۇھىم ئىشلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى چوڭ ئۆيگە جەم بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنى يوقلاشتەك «ئائىلە قائىدىسى»نى شەكىللەندۈردى.

خوش، لاۋخۇنىڭ ئائىلىسىدىكى بالا - قازا زادى قانداق گەپ؟

بۇ ئابەت 4 يىل ئىلگىرى قازاقىستانلىق بىر سودىگەر بىلەن قىلىنغان پاختا سودىسىدىكى ئىقتىسادىي ماجرادىن باشلانغانىدى.

## تۇنجى قېتىم سودا دېڭىزىغا چۈشۈپ تۇنجۇقۇپ قېلىش

1995-يىل باھاردا، 60 ياشقا كىرگەن خۇ شېنبىن ئىلى ئوبلاستلىق پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىدىن پىنسىيىگە چىقتى. شۇ چاغدا، لاۋخۇنىڭ كىچىك ئوغلى ئوبلاستلىق ئىستاتىستىكا ئىدارىسىدا ئىشلەيتتى. ئۇ كۈچ-قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن يىگىت ئىدى. شۇ يىلى ئۇ ئوبلاستلىق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى قارمىقىدىكى تىيشەن شىركىتىنى كۆتۈرە ئېلىپ، تېخى ماغدۇرىدىن كەتمىگەن، روھى ئۇرغۇپ تۇرغان دادىسىنى شىركەتنىڭ مۇھىم خىزمىتىگە تەكلىپ قىلدى.

شۇ يىلى 5-ئايدا، تىيشەن شىركىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇرېشىت (قورغاس ئېغىزى چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىنىڭ يېتەكچىسى) بىلەن يېزا ئىگىلىك 4-شىسى 66-تۇەن 14-لىيەنىنىڭ باشلىقى قەييۇمنىڭ ۋاستىسى بىلەن، لاۋخۇ قورغاس ئېغىزى چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى قادىر بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن، لاۋخۇنىڭ شىركىتى چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن سودا قىلماقچى بولدى.

دەرۋەقە، ئۇزاق ئۆتمەيلا قادىر قازاقىستانلىق سودىگەر ئېكىنوۋ ئالماسنى باشلاپ كەلدى. لاۋخۇ ئالماس، قادىر، ئابدۇرېشىت، قەييۇم قاتارلىق 4 كىشىنى قىزغىنلىق بىلەن تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئاندىن كېيىن، لاۋخۇ ئالماس بىلەن بىر سودا توختىمى ئىمزالىدى، توختام بويىچە ئالماس لاۋخۇنى 200 توننا پاختا، 100 توننا پاختا تېۋىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدى. توختامدىكى ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. مال كىرگەندىن كېيىن لاۋخۇ ئابدۇرېشىت، قادىر ۋە قەييۇمغا 500 يۈەندىن تونۇشتۇرۇش ھەققى بېرىدىغان بولدى. ئالماس ئۆزىنىڭ مېلىنى 10 كۈن ئىچىدە ئەكىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى، لېكىن 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى زاكالەت ھېسابىدا ئالدىن بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لاۋخۇنىڭ سودا ئىشلىرىغا تۇنجى قېتىم ئارىلىشىشى بولسىمۇ، لېكىن نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇنىڭ نەچچە ئون يىللىق خىزمەت تەجرىبىسى بار ئىدى. ئۇ شۇ چاغدا، ئالماس بىلەن سودا قىلسام، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلغىلى بولارمۇ؟ دېگەننى ئويلىدى. قادىر لاۋخۇنىڭ بۇ سودىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، «سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئاۋۇ ئالماس توختامغا خىلاپلىق قىلسا، مەن ئۇنىڭ يۈك ئاپتوموبىلىنى تارتىۋالىمەن» دېدى. شۇنداقتىمۇ لاۋخۇ يەنىلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ئالدى بىلەن ئۆز ئارا پىششىق بىلىشىدىغان ئابدۇرېشىت، قەييۇم، قادىرغا بېرىپ، ئۇلاردىن ھۆججەت ئېلىۋالدى. ئاندىن بۇ ئۈچەيلەن پۇلنى ئالماسقا تاپشۇرۇپ بەردى. ئالماس ئۇلارغا «مەنكى ئالماس 1995-يىل 5-ئاينىڭ 30-كۈنى، ئابدۇرېشىت، قادىر، قەييۇمنىڭ قولىدىن پاختا سودىسىنىڭ 50 مىڭ دوللار زاكالىتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم» دەپ رۇسچە ھۆججەت يېزىپ بەردى.

بۇ لاۋخۇنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى دۆلەت ھالقىغان چوڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشى ئىدى. 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرسا 400 مىڭ يۈەن بولىدىغان گەپ. لاۋخۇ تىت-تىت بولغىنىچە كۈن ساناپ مال كۈتۈپ ئولتۇردى.

شۇ تەرىقىدە 10 كۈن ئۆتۈپ كەتتى. قازاقىستانلىق سودىگەر ئالماس توختامغا ئەمەل قىلمىدى.

## «يەڭ ئىچىدە ئىش كۆرۈش» مەسىلىنى ھەل قىلالمىدى

لاۋخۇ قازاقىستاندىن كېلىدىغان مالدىن ئۈزۈل-كېسىل ئۈمىدىنى ئۈزدى.

ئارىدىن 2 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇرېشىت بىنادىن سەكرىمەن دەپ سەكرىيەلمىگەن، لېكىن ئاغرىپ يېتىپ قالغان لاۋخۇنى ئىزدەپ كېلىپ:

— بۇ قېتىم خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزگە بېشىم بىلەن جاۋاب قىلىمەن، ئالماس مۇشۇ 10 كۈن ئىچىدە سىزگە يا مالنى، ياكى پۇلنى تاپشۇرىدۇ، — دېدى.

لاۋخۇ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي، ئۇدا بىر نەچچە كۈن سۈرۈشتە قىلىۋىدى، ئابدۇرېشىت ئاخىرى ئۇنىڭغا مەلۇم شىركەتنىڭ دىرېكتورى ياڭ جاۋنيەننىڭ نامىدىكى كېپىل بولۇش كېلىشىمىنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. بۇنى كۆرگەن لاۋخۇ لاغىلداپ تىترىگىنىچە ۋارقىراپ كەتتى:

— ياڭ جاۋنيەننىڭ شىركىتى سېپى ئۆزىدىن قۇيۇلمىچى شىركەت تۇرسا، ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولىدۇ!

ئەسلىدە، لاۋخۇ ئاغرىپ يېتىپ قالغان مەزگىلدە، ئابدۇرېشىت، قەييۇم، قادىر ئۈچى نېمە مەقسەتتىدۇر ئىناۋۇر ئالماسنىڭ قازاقىستاندىن كەلگەن 6 توننىلىق كاماز ماركىلىق بىر يۈك ئاپتوموبىلىنى تۇتۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئالماس ياڭ جاۋنيەننى تېپىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە كېپىل بولۇپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ، پاختىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ياڭ جاۋنيەن ئىچىدە چوت سوقۇپ كۆرۈپ، بۇ ئىشتا نېمىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى يەشمەي، دەرھال چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىكى قادىرنى تاپقان. كېڭەشىش ئارقىلىق، ياڭ جاۋنيەن ئالماسقا كېپىل بولۇپ بېرىشكە قوشۇلغان ھەمدە قادىرغا «بۈگۈن مەن ئابدۇرېشىت، قەييۇم، قادىر ئۈچەيلەنگە 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قەرز بولدۇم» دېگەن مەزمۇندا ھۆججەت يېزىپ بەرگەن. ياڭ جاۋنيەن يەنە ئىلى ئوبلاستلىق ئادۋوكاتلار ئورنىدىكى ئادۋوكات ۋاڭ چىڭشېڭنى تېپىپ، «10 كۈنگىچە 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى قايتۇرۇۋالىمەن، 10 كۈندىن 1 كۈن ئېشىپ كەتسە، كۈنىگە 1 دوللارغا بىر پۇڭدىن ئۆسۈم قوشۇلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا ئىسپات يازدۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن، قادىر ئۆتكەندە تۇتۇپ قالغان ئاپتوموبىل، شوپۇر ۋە پاسپورتنى ياڭ جاۋنيەنگە قايتۇرۇپ بەرگەن.

10 كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئالماس توختامغا يەنە ئەمەل قىلمىغان.

مانا مۇشۇنداق ئۆزلۈكسىز ھالدا ئوتتۇرىغا ئادەم



قىسىلىش، ئۇدا ئۇششاق - چۈششەك جاناق چىقىش ئارقىسىدا، مەسىلە بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ، ۋاقىت بارغانسېرى ئۇزىراپ بارغان.

1996 - يىلى 7 - ئايدا، ئالماسنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتىدە-كى بىر شوپۇر كاماز ماركىلىق ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ ماللىرىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قورغاس ئېغىزى ئارقىلىق قازاقىس-تانغا قايىتماقچى بولۇپ كېتىۋاتقاندا، ئابلۇرېشىت ئۇنى كۆرۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئابلۇرېشىت دەرھال لاۋخۇنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن «ئالماسنىڭ ئاپتوموبىلىنى تۇتۇپ قالامدۇق، قانداق قى-لىمىز؟» دەپ سورىغاندا، لاۋخۇ: «تۇتۇپ قالايلى» دېگەن. ئاندىن ئىككىسى قادىرنى ئىزدەپ بېرىپ ئۇنى تاپالمىغان. لاۋخۇ دەرھال تېپىش مەھكىمىسىدە ئىشلەيدىغان دوستىنى تېپىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغان. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ياڭ جاۋنىيەنمۇ يېتىپ كېلىپ: «بىز بۇ ئاپتوموبىلنى بىرلىكتە تۇتۇپ قېلىپ، ئالماسنى بۇ يەرگە كېلىشكە مەجبۇر قىلايلى» دېگەن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ھېلىقى شوپۇرنى ئاپتوموبىل بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ قالغان.

3 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ شوپۇر ئالماسقا ئۆزىنىڭ قازا-قىستانغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى باشقىلار ئارقىلىق يەتكۈز-گەن. ئالماس ئىككى تەرەپنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئارقىسىدا ئاخىر ھېلىقى شوپۇرنى قايتۇرۇپ ئەكىلىشكە ئادەم ئەۋەتكەن. ئاپتومو-بىلنى لاۋخۇ قاتارلىق كىشىلەر بوشىتىۋەتكەن ئىدى. بۇ مەزگىلدە، قادىر يەنە خىزمەت قىلالايدىغان پايدىلىنىپ، ئالماسنىڭ 16 توننا پاختا تېرىسىنى تۇتۇپ قالغان. ئابلۇرېشىت بىلەن قېيۇم لاۋخۇنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇ 16 توننا پاختا تېرىسىنى تۆلەم ھېسابىدا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. لاۋخۇ بۇنى قوبۇل قىلغان. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا پاختىنىڭ سودىسى ياخشى بولمىغاچقا لاۋخۇ تاكى 1997 - يىلغا كەلگەندىلا ئاندىن مىڭ نەسىنە مالنى قولىدىن چىقارغان. شۇ چاغ-دىكى بازار باھاسى بويىچە توننىسىنى 2300 يۈەندىن جەمئىي 36 مىڭ 800 يۈەنگە ساتقان.

## سوتقا چۈشۈپ دەۋالىشىش

ئەسلىدە باشقىلارغا كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلىدىغان خۇ ئى-يەنبىن پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن بۇ «ئەخمىقانە» ئىشنى قى-لىپ قويۇپ، بالا - چاقىلىرىنى تۇرمۇشتا قىسىلتۇرۇپ خۇشال-لىقتىن مەھرۇم قىلدى. كىچىك ئوغلىنىڭ ئائىلىسى بۇزۇلدى، شىركەت تاقىلىپ قالدى، ئايالى روھىي جەھەتتە نورماللىقىنى يو-قىتىپ، چېچى ئۇششاق ئاقىرىپ، بېلى مۈكچىيىپ باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ شۇنداقتىمۇ «مەسىلىھەتلىشىپ بىر ئىش قىلايلى»، پۇلنى ئىزدەپ قەرزنى قايتۇرۇۋېتەيلى، باشقىلارنىڭ ئائىلىسىنىمۇ بىزنىڭ ئائىلىدەك قىلىپ قويمايلى، بولۇپمۇ قادىر نېخى ياش، ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا ئۆلتۈرۈپ قويمايلى دېگەن ئويدا ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى يىلغا يېقىن ئەگرى توقايلىقلار بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، 1997 - يىلى 5 - ئايغا كەلگەندە، بانكىنىڭ قەرز ئۆسۈمى بىر قاتلە-

نىپ، لاۋخۇغا قەرز بېرىپ تۇرغان ئەل ئاغىنە، ئۇرۇق - تۇغقانلار كېيىنى كەينىدىن كېلىپ لاۋخۇدىن قەرز سۈيلىگىلى تۇردى. تۈپ مەسىلىنى «يەڭ ئىچىدە» ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن لاۋخۇ ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇندى.

ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تېزلا ئىقتىسادىي ماجىرا قاتارىدا دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشكە كىرى-شىپ، 8ئايدا مۇنداق ھۆكۈم چىقاردى: ئابدۇرېشىت، قېيۇم، قادىر ئۆزچىلەن خۇ ئىيەنبىننىڭ 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى دەسمايە-سى(شۇ چاغدىكى 8.14 يۈەنلىك ئالماشتۇرۇش باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا، 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى 407 مىڭ يۈەن خەلق پۇ-لىغا توغرا كېلىدۇ) نى تۆلەپ بېرىدۇ. 8560 يۈەن دېلو بېجىرىش ھەققىنىمۇ مۇشۇ 3 جاۋابكار ئۈستىگە ئالىدۇ.

دېلو بېجىرىش داۋامىدا، بىرمۇنچە لاۋخۇغا مۇنداق تەكلىپ بەردى، ئېلىمىزنىڭ «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»غا ئاساسەن، دەسلەپكى زاكالەت پۇلى 2 ھەسسە كۆپەيتىپ قايتۇرۇلۇشى كېرەك، يەنى ئەسلىدىكى 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ھازىر 100 مىڭ ئا-مېرىكا دوللىرى قايتۇرۇلۇشى ھەمدە بانكىنىڭ شۇ چاغدىكى ئۆ-سۈم ھېساباتى بويىچە(1995 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ ھېساب-لىغاندا) يەنە 150 مىڭ يۈەنگە يېقىن ئۆسۈم تاپشۇرۇشى كېرەك. لېكىن ئاقكۆڭۈل لاۋخۇ، ماڭا ئاشۇ 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى دەسمايىسىلا كېرەك، مۇشۇ پۇلنى قولۇمغا ئېلىپ قەرزىمنى تۆلە-ۋالسام بولىدۇ، قالغان پۇلنى سوت مەھكىمىسى سوزۇشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلسۇن، - دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىلى ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى ئىجرا كوللېگىيىسىنىڭ ئىشلەۋاتقان دېلولىرى كۆپ، خادىملىرى ئاز بولغاچقا، مەزكۇر دېلو 1998 - يىلى 2 - ئايدا ئاران ئاخىرلاشتى.

شۇ چاغدا، مەزكۇر دېلوغا مەسئۇل بولغان ئىجرا كوللېگى-يىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بەي جيەنگو دېلو بېجىرىش تەجرى-بىسى مول ئادەم بولۇپ، ئۇ ئابدۇرېشىت، قېيۇم، قادىر ئۆزچىنى تېپىپ، ئۇلارغا: «مەن بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىت ئىچىدە نەدىن بول-سۇن پۇلنى تېپىپ قولۇمغا تاپشۇرۇڭلار، ئۇنداق بولمايدىكەن، مەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئۈزۈڭلارنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ھەققىدە ئېلان بېرىمەن» دېگەن. ئۆزچىلەن بۇ گەپنىڭ نا-ھايىتى ئالاقىزادە بولۇپ كەتكەن، بولۇپمۇ قادىر يات يېقىندا ئۆس-تۈرۈلمەكچى بولۇپ تۇرغان بولغاچقا، بەي جيەنگودىن ھەرگىز تېلېۋىزوردا ئېلان بەرمەسلىكنى ئۆتۈنۈپ، ھېلىقى پۇلنى ئۆچ-نىڭ تەڭ بۆلۈشۈپ قايتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئارقىدىنلا، بۇ ئۆزچىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئالماس ئۆچۈن كېپىل بولۇپ بەرگەن ياڭ جاۋنىيەن ئۈستىدىن ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنغان. سوت مەھ-كىمىسى ئالماسنىڭ ئەينى چاغدا بۇ ئۆزچىلەنگە يېزىپ بەرگەن ھۆججىتىگە ۋە ئاتۇوكاتنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسەن، ياڭ جاۋنىيەننىڭ بۇ ئۆزچىلەن ئارقىلىق ئالغان 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ئىگە-سىگە قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغان.

ياڭ جاۋنىيەن ھۆكۈمگە قايىل بولماي: «مەن پەقەت كېپىل بو-



لۇپلا بەردىم، قازاقىستانلىق ئالماسمۇ ماڭا پاختىنى ئەكىلىپ بەرمىدى، مەنمۇ زىيان تارتتىم» دەپ ئورۇزۇلغان ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسىگە ئەرز سۇنغان. مەزكۇر سوت مەھكىمىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى»نىڭ 153 ـ ماددىسى 1 ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئەرزنى قايتۇرۇپ، ئەسلىدىكى ھۆكۈمنى ساقلاپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن، مەزكۇر دېلو تەبىئىي ھالدا يەنە ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئۆتۈپ قالغان.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى بەي جيەنگو لاۋخۇغا: «مەن ئابدۇرېشىت، قېيۇم، قادىر ۋە يالڭ جاۋنيەننىڭ ئۆي مۈلۈك گۇۋاھنامىلىرىنى تۇتۇپ قالدىم» دەپ ئۇلارنى كۆرسەتكەن. لاۋخۇ بەي جيەنگوغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئىجرا ھەققى ئۈچۈن 2000 نەچچە يۈەن، ئۆي مۈلۈكنى باھالاش ھەققى ئۈچۈن 2000 يۈەن، دەۋادا ئامانلىق ساقلاش ھەققى ئۈچۈن 2000 نەچچە يۈەن بەرگەن.

لېكىن، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، بەي جيەنگو لاۋخۇنى يەنە ئىزدەپ كېلىپ: «1996 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئالماسنىڭ سىزگە بەرگىنى پاختا تىۋىتى ئەمەس، بەلكى 16 توننا پاختا ئىكەن، شۇڭا سىزنىڭ بۇ دېلويىڭىزنى ۋاقتىدا ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ، سىز بېرىپ بۇ ئىشنى سوتتىكىلەرگە ئېيتىڭ» دېگەن.

ئەسلىدە، بەي جيەنگو يالڭ جاۋنيەننىڭ ئۆي مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقاندا، يالڭ جاۋنيەن ئالماسنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن بىر پارچە سۈرەتنى سوراپ ئېلىپ، بۇ ئارقىلىق ھېلىقى 16 توننا مالنىڭ پاختا تىۋىتى بولماستىن، بەلكى پاختا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. شۇ چاغدىكى ھەر بىر توننا پاختىنىڭ باھاسى 1500 ئامېرىكا دوللىرى، پاختا تىۋىتىنىڭ بولسا 250 تىن 300 ئامېرىكا دوللىرىغىچە ئىدى. لاۋخۇ بۇ ئىشتىن ناھايىتى خاپا بولۇپ، مىڭ بىر جاپادا ئەينى چاغدىكى 16 توننا پاختا تىۋىتىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىنى تەكشۈرۈش تالونى قاتارلىق ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى تېپىپ كېلىپ، سوت مەھكىمىسىدىكىلەرگە كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن دېلو تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ، 7 ـ 8 ئاي كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

لاۋخۇ ئامالسىز بىر توپ ماتېرىيالنى كۆتۈرۈپ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەرز دەۋا كوللېگىيىسىگە كېلىدۇ. بۇ يەردىكىلەر داۋاملىق ئىجرا كوللېگىيىسىنى ئىزدەڭ، دەپ يولغا سالىدۇ. كىم بىلسۇن، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بىلەن كوللېگىيە باشلىقى ئالدىن كېلىشىۋېلىپ، لاۋخۇنى سوت ئۈستىدىن نازارەت قىلىش كوللېگىيىسىگە ئىتتىرىپ قويىدۇ. بۇ كوللېگىيىنىڭ سودىيەلىرى خىزمەت ئالدىراش دېگەننى باھانە قىلىپ، دېلونى 3 ئاي باستۇرۇپ قويىدۇ. كېيىن سوت ئۈستىدىن نازارەت قىلىش كوللېگىيىسى يەنە، بۇ دېلو ھەق تەلەپ كوللېگىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولۇشى كېرەك، دەپ لاۋخۇنى ھەق تەلەپ كوللېگىيىسىنى ئىزدەشكە دەۋەت قىلىدۇ.

1998 ـ يىلى 10 ـ ئايغا كەلگەندە، لاۋخۇنىڭ ماتېرىياللىرى يەنە مەزكۇر سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق تەلەپ كوللېگىيىسىگە يۆتكەپ قويۇلىدۇ. ھەق تەلەپ كوللېگىيىسىنىڭ مەسئۇل سودىيەسى دېلونى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن: «بۇ ناھايىتى ئېنىق ئىكەن. قانداقسىگە بىزنىڭ كوللېگىيىگە تەۋە بولغىدەك؟ شۇنداقتىمۇ بوپتۇ، بېجىرسەك بېجىرەيلى، سىز ئالماسنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىڭ» دەيدۇ.

لاۋخۇ بۇ ئىشنى چۈشىنەلمەي:

ـ 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ئابدۇرېشىت، قېيۇم، قادىر ئۈچى مېنىڭ قولۇمدىن ئالغان تۇرسا، مەن يەنە نېمە ئۈچۈن ئالماسنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىمەن؟ ـ دەيدۇ.

سودىيەلەر ئۇنىڭغا ئارتۇقچە چۈشەنچە بەرمەيلا:

ـ ئەگەر ئالماسنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلمىسىڭىز، بۇ دېلونى بېجىرىشىمىز ئېپسىز بولۇپ قالىدۇ، ـ دەپ گېپىنى ئۈزۈۋېتىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن، لاۋخۇ ئامالسىز سوتنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئالماسنىمۇ جاۋابكار قاتارىغا قوشىدۇ.

ھەق ـ تەلەپ كوللېگىيىسىدىكى سوتچىلار ئابدۇرېشىت، قېيۇم، قادىر، خۇ شيەنبىن تۆتىنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇلارغا:

ـ سىلەر ئىمزالىغان توختامنى قارشى تەرەپ ئادا قىلمىغاچقا، لاۋخۇ ئالماس بىلەن «توختام» ئۈستىدە دەۋالىشىدۇ، ـ دەيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان لاۋخۇنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىدۇ ۋە:

ـ 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرلىق بىر دەۋا جېنىمنى ئالغىلى قىل قالدى، ئەمدى مېنى يەنە 3 مىليون ئامېرىكا دوللىرلىق توختام دەۋاسى قىلىسەن دېسەڭلار، بۇنىڭ دەۋا ھەققىلا 400 نەچچە مىڭ يۈەن تۇرسا، ئۇنىڭدىن كۆرە، مېنى ئۆلتۈرۈۋېلىپلا ھەممىدىن قۇتۇلغىن دېسەڭلار بولمامدۇ! ـ دەپ قايناپ كېتىدۇ. سودىيە:

ـ ئەگەر بۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، بىزنىڭ ئالماس كەلگەندىن كېيىن سوت ئېچىپ بىر تەرەپ قىلىشتىن باشقا ئامالىمىز يوق، ـ دەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ يەنە بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

1999 ـ يىل 8 ـ ئايدا، مەزكۇر دېلوغا ئالاقىدار كىشىلەر بىرلا ۋاقىتتا سوت مەھكىمىسىنىڭ «8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سوت ئېچىپ، مەزكۇر دېلو بېجىرىلىدۇ» دېگەن ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشتىن ئاز ـ تولا بولسىمۇ مەمنۇن بولۇشتى، بولۇپمۇ لاۋخۇ ھەر قانچە بولسىمۇ بۇ قېتىمقى ئىشنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلەر، دەپ ئويلىدى. ھەممەيلەن 16 ئاۋغۇستنى كۈن ساناپ كۈتۈپ ئولتۇردى.



8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئالماس سوتقا كەلمىگەچكە، سوت مەھكىمىسى سوت ئاچال-

FAZHI ZONGHENG

مىدى. لاۋخۇ يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى.

## پۇقرالىرىمىز «قانۇن»دىن قانچىلىك خەۋەردار

نۇرغۇن ئاددىي دېلولار سۈنئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇرەككەپلىشىپ، قىيىنلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا يىغىلىپ، بېسىلىپ قالىدۇ. خۇ شيەنبىننىڭ دېلوسىمۇ دەل مۇشۇنداق دېلولار قاتارىغا كىرىدۇ. گەرچە خۇ شيەنبىن قاتارلىق كىشىلەر دەسلەپتە قانۇندىن پايدىلىنىشنى بىلمەي «ئىشنى يەڭ ئىچىدە پۈتتۈرۈش»نى ئويلاپ، ھېچقانچە مۇرەككەپ بولمىغان «ماجىرا»نى ئىككى يىل سۆرەپ ھەل قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئېسىنى يىغىپ قانۇننىڭ ھىمايىسىنى ئىزدىگەن چاغدا، دېلو نېمە ئۈچۈن داۋاملىق كەينىگە سۆرۈلۈپ ئاخىرى چىقمايدۇ؟

شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغىنىغا ئۇزۇن ۋاقىت بولمىغاچقا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىچكى تاشقى «سودا» قىلىش تەجرىبىسى ناھايىتى كەمچىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدە تولىمۇ خاملىقى چىقىپ تۇرىدۇ. خۇ شيەنبىن بىلەن ئالماسنىڭ سودىسىنى مىسالغا ئالساق، لاۋخۇ ئالماسنىڭ نېمە سودا قىلىدىغانلىقىنى، قازاقىستاندا قانداق شىركىتى بارلىقىنى بىلەمدۇ؟ ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنەمدۇ؟ ئالماس لاۋخۇنىڭ 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ئېلىپ كەتكەن چاغنىڭ ئۆزىدىلا، لاۋخۇدا ئۇنى چەكلەپ تۇرىدىغان ھېچنەرسە يوق ئىدى، گەرچە چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىكى قادىر ئەگەر ئالماس توختامغا ئەمەل قىلمىسا، ئۇنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى تۇتۇۋالىمىز دەپ، ئاخىرىدا ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئاپتوموبىلى بىلەن شوپۇرىنى تۇتۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئۇسۇل ئەمەلىيەتتە قانۇنغا خىلاپ قىلمىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

لاۋخۇ قاتارلىق كىشىلەر 1996 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۇتۇپ قالغان ئالماسنىڭ بىر ئاپتوموبىلى ھازىر بىر دۆۋە كېرەكسىز تۆمۈر ـ تېسەككە ئايلىنىپ كەتتى. شۇ چاغدا سوتچىلار ئۇلارغا: «سىلەر سوت مەھكىمىسىدىن دەۋادا ئامانلىق ساقلاشنى ئىلتىماس قىلىشىڭلار كېرەك» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قانۇن ئېڭى كەمچىل بولغاچقا ئۇنداق قىلمىغان. ئەگەر مۇشۇ تاپتا ئالماس قازاقىستاندىكى سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ، بىر يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ ئىككى يىلدىن بېرى قانچىلىك يۈك توشۇپ، قانچە پۇل كىرىم قىلالايدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقسا، بۇ زىياننى لاۋخۇ تۆلەپ بولالامدۇ؟

شۇنى بايقىماي تۇرالمايمىزكى، بىزنىڭ ئاددىيتىكى پۇقرالىرىمىز ئاساسلىق قانۇنلاردىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك بىخەۋەر يۈرىدۇ. سودىگەرلىرىمىز، دېرىكتورلىرىمىز ھەتتا «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»نىمۇ بىلمەيدۇ. ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ ئېيتىشىچە، پەقەت قورغاس ئېغىزى ئېچىۋېتىلگەن 10 يىلدىن بۇيان، «توختام»دىنلا كېلىپ چىققان ماجىرا دېلولىرى 100 نەچچىگە، بۇ دېلولارنىڭ سوممىسى ئاز بولغاندا 10 مىليون يۈەنگە، مۇشۇ سەۋەبتىن تاقىلىپ قالغان شىركەتلەر نەچچە يۈزگە يەتكەن. قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىپ ئىلىغا كېلەلمەي چەت ئەلدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈۋاتقانلاردىنمۇ نەچچە 10 كىشى بار ئىكەن. ھەر ھالدا خۇ شيەنبىننىڭ بۇ سودىسى تۇنجى قېتىملىق بولۇپ، ئەگەر ئېنى ۋاقتىدىكى 3 مىليون 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق توختام بويىچە سودىسىنى داۋاملاشتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغان بولاتتى.

كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغىنى شۇكى، ئېنى چاغدا لاۋخۇ ئابلىزرېشىت قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلغاندىن كېيىن، ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ناھايىتى تېزلا بۇ ئۈچەيلەننىڭ لاۋخۇنىڭ 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشى ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغان. ئۇنداقتا، شۇ چاغدا ئۇلار نېمە ئۈچۈن لاۋخۇنى ئالماسنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلدۇرمايدۇ؟ كېيىن سوت مەھكىمىسى لاۋخۇ بىلەن ئالماسنىڭ ئوتتۇرىسىدا سودا توختىمى بولمىسا، لاۋخۇ بىلەن ئابلىزرېشىتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق ماجىرا مەۋجۇت بولمايدۇ دېگەن. بۇ خىل «سەۋەب»، «نەتىجە» مۇناسىۋىتى توغرىمۇ؟ ئۇنداقتا، بۇ دېلونى ئەڭ ئاۋۋال بېجىرگەن سودىيە نېمە ئۈچۈن بۇنى ئويلىشىپ كۆرمەيدۇ؟ ھۆكۈم چىقارغان چاغدا نېمە ئۈچۈن ھېلىقى توختىتىپ قويۇلغان 16 توننا پاختا تېيىتى بىلەن بىر ئاپتوموبىلنى نەزەرگە ئالمايدۇ؟ ئەجەبا، بۇ نەرسىلەرنىڭ پۇلى دېلوغا كىرگۈزۈلمەسلىكى كېرەكمىكەن؟ سوتچىلار دېلونى ئىجرا قىلىش داۋامىدا، لاۋخۇنى نېمە دەپ بىردەم ئۇ كوللېگىيەگە، بىردەم بۇ كوللېگىيەگە ئىتتىرىدۇ؟ بۇ قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنمەي قالغانمۇ ياكى سوتچىلار ئۇنى قانۇنغا مۇۋاپىق تەتبىقلىيالماي قالغانمۇ؟ ئەجەبا، مۇشۇنداق دېلولارنى بېجىرىشتە ۋاقىت چەكلىمىسى بولمامدۇ؟

بۈگۈنكى كۈندە، ئاددىي پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى تەدرىجىي ئۆسۈۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ئىقتىدارى تەدرىجىي كۈچىيىۋاتىدۇ. ئەمما، قانۇن خىزمەتچىلىرىنىڭچۇ؟ ئۇلارنىڭ قانۇننى تەتبىقلاش دەرىجىسى زادى قانچىلىك؟

ئەي جۇڭگو پۇقرالىرى، ئۆزۈڭلارنى قوغدىلىدىغان قورالنى بالدۇرراق قولۇڭلارغا ئېلىڭلار!

قاھار ئوسمان (ت)

### مۇھىم ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2 ـ سانىدىكى «شىنجاڭدا باندىت تازىلاش» ماۋزۇلۇق ماقالىدا «ئاراتۈرۈكتىكى 40 كۈن»، «بارىكۆلدىكى 40 كۈن» بولۇپ قالغان ھەم ماقالىدىكى بارىكۆلنى ئاراتۈرۈك دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

تەھرىر بۆلۈم



# زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىشنى تۈزەش نېمىشقا تەس



ئۈرۈمچى جەنۇبىي ۋوگزال رايونىدىكى زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىش ھادىسىسى

ياك شۇشەن، يۇڭ شياڭشىڭ، شى لەنشىن، يىڭ ئەيگو

ئالتۇن كۈز پەسلىگە كىرگەن چېغىدا شەھىرىمىزنىڭ ھاۋاسى كىشىگە ھوزۇر بېغىشلاپ، شېرىن شەربەت مېۋىلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى دىماققا ئۇرۇلىدۇ. بۇ دەل سەيلى - ساياھەتنىڭ ئوبدان پەسلى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە شىنجاڭ ئەمىلىكتە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا يىراق جاي بىلىنمەيدىغان ۋە بۇ يەرگە كېلىپ سەيلى - ساياھەت قىلىش ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە ئايلانغانىدى.

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جاۋچىڭ شەھىرىدىن كەلگەن بىر ئوقۇتقۇچىلار ساياھەت ئۆمىكى ئاشۇ شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئۆمەكلەرنىڭ بىرسى ئىدى. ۋاھالەنكى، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، ئۇنىڭغا تەلپۈنگەن ئوقۇتقۇچىلار يۈرىكىدىن جۇشۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىنىڭ تۇپرىقىغا ئەمدىلا قەدەم قويۇشىغا، ئۇلارنىڭ قاباھەتلىك چۈش كۆرگەندەك ۋەھىمىلىك كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

1999 - يىل 3 - ئاۋغۇست چۈش ۋاقتى. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جاۋچىڭ شەھىرى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ساياھەت ئۆمىكى گەنسۇدىكى ساياھەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىپايان چۆللەرنى كېزىپ، ئۆزلىرى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەنىدى.

ئۇلار پويىزدىن چۈشۈشىگىلا تەلەتىدىن سۈرۈنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئەر: مېنىڭ ماشىنامدا جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىڭلار، دەپ ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى. ئوقۇتقۇچىلار پىلان بويىچە، ئالدى بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بارىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى. شۇ ئەسنادا، قارا كىيىم كىيىۋالغان بىر ياش پەيدا بولۇپ، ئىككى ئوقۇتقۇچىنىڭ بېلىكىدىن تارتىپ، ئۆزى بىلەن مېڭىشقا زورلىدى. ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولمىدى.

ئوقۇتقۇچىلار ۋوگزالدىن چىققاندىن كېيىن، مەيداندىكى ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتىنىڭ بىلەت سېتىش ئورنىغا بېرىپ، شىمالىي شىنجاڭغا قاتنايدىغان تۆۋەنچى ئاپتوبۇسلارنىڭ ۋاقتىنى سۈرۈشتۈرمەكچى بولۇشتى. بۇ چاغدا، بەتە يۈرۈش - تۇرۇشى غەلىتە بىر نەچچەيلەن ئۇلارنى ئورىۋالدى، پەقەت بىلەت سېتىش ئورنىغا يېقىنلاشتۇرمىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئامالسىز مەيداندىكى بىر ئاشخانىغا كىرىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالماقچى بولدى. ئۇلار ئەمدىلا ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇشىغا ۋوگزال سۈپىسىدا ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان ھېلىقى قارا كىيىملىك ياش ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزى بىلەن مېڭىشقا قىستىدى. ئارىدا بىر ئوقۇتقۇچى چىداپ تۇرالماي خىزمەت كىنىشكىسىنى چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدى. قارا كىيىملىك ياش بۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلماستىن، تېخىمۇ قەبىھلىشىپ ئاغزىنى بۇزۇپ ئوقۇتقۇچىلارنى تىللىدى ۋە پۇت - قولىنى تەڭ ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇلارنىڭ سومكىلىرىنى تېپىشكە باشلىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئىشنىڭ



جاناقلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. لېكىن، ئىلگىرى ئۇلارنىڭ كېيىنگە كىرىۋالغان ھېلىقى بىر نەچچەيلەن يەنە ئۇلارنى قورشىۋالدى. ئارىدا بىرمىلەن چاپىنىنى يېشىپ ئۇلارغا دۇمبىلەپ كەلدى. قالغانلىرى ئەسەبىيلىك بىلەن ئۇلارنى تىللاپ، قول تەككۈزگىلى باشلىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ غەزىپى تاشتى. ئۇلارنى ۋەھىمە باستى. شۇ ئەسنادا، ئوتتۇرا ياشلىق ئىككى ئايال ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ: شىنجاڭ بەكمۇ قالايمىقان، سىلەر بىزنىڭ كېيىمىمىزدىن مېڭىڭلار، دەپ نەسىھەت قىلغىلى تۇردى. ئوقۇتقۇچىلار ياخشى نىيەتلىك ئادەمگە يولۇققان ئوخشايمىز، دەپ ئويلاپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن مەيدانغا توختىتىپ قويۇلغان بىر مىنىبۇسنىڭ قېشىغا كەلدى. شۇنىڭدىلا ئۇلار كېيىنگە كىرىۋالغان ھېلىقى زومىگەرلەردىن قۇتۇلغانىدەك بولدى.

مىنىبۇس 20 مىنۇتتەك مېڭىپ، خوتەن قاتناش شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى 7 ـ مېھمانخانىسىغا كېلىپ توختىدى. ھېلىقى ئىككى ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بېلەت رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەشكە ھەمكارلاشتى. ماشىنا جەنۇبىي شىنجاڭغا قاتنايتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمدى نەگىلا بولسۇن تىنچ ـ ئامان يېرىۋېلىشنى ئويلاشتىن باشقا خىيالى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار كۆچانىڭ يېنىنى 80 يۈەندىن سېتىۋېلىشتى.

بېلەت ساتقۇچى ماشىنىنىڭ سائەت 7 دە ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئوقۇتقۇچىلار يولدىن قالمايلى، دەپ سائەت 6 يېرىمدىلا ماشىنا يېنىغا بېرىۋالدى.

كەچقۇرۇن 9 يېرىمدىلا ئاندىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ماشىنىغا چىقىش نۆۋىتى كەلدى. ئۇلار ماشىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ۋوگزالدا ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان ھېلىقى بىر نەچچەيلەننىڭ يولۇچىلارنى قوپاللىق بىلەن ماشىنىغا ئىتتىرىپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بەزى يولۇچىلار ماشىنىنىڭ قاتتىق ئورۇنلۇقلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، 80، 90 يۈەن تۆلەپ ئۆزلىرىنىڭ يېرىم كارىۋاتلىق ئورۇنلۇق بېلىتىنى سېتىۋالغانلىقىنى، بۇنداق ماشىنىدا ئولتۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ھېلىقى زوراۋانلار ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا نارازىلىق قىلغانلارنى ئۇرۇشقا باشلىدى. باشقا يولۇچىلار بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەلسىمۇ، گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ئوقۇتقۇچىلار شۇنىدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئالدام خالتىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تولۇق چۈشەندى.

## شەھەر باشلىقىنىڭ غەزىپى

ۋەھىمىلىك كەچۈرمىش، ھاقارەتلىك ئەسلىمە گۇۋاڭدۇڭ ئۆلكىسى جاۋچىڭ شەھىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ساياھەت ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس جاراھەت پەيدا قىلدى.

ئوقۇتقۇچىلار بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ باشلىغان شىنجاڭ سەپىرىنىڭ ئۈچىنچى قەدىمىدىلا پېشكەللىككە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.



ئاقىۋەت، ئوقۇتقۇچىلار غەزەپ ـ نەپرىتىنى باسالماي، قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى نۇر بەكرىگە خەت يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ قورقۇنچلۇق كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلدى. خەتتە: «شەھەر باشلىقىنىڭ ئالدىراش بولسىڭىزمۇ ۋاقىت ئاجرىتىپ، بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىپ، قىلارا جەمئىيەت خاراكتېرىنى ئالغان رىقابەت ھەرىكەتلىرىنى چەكلەپ، شىنجاڭدا تىنچ مۇھىت يارىتىپ، مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە سەيلى ـ ساياھەتچىلەرنىڭ بىخەتەر ھالدا ياتالىيەت ئېلىپ بېرىشى ۋە سەيلى ـ ساياھەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شىنجاڭنىڭ ياخشى نامى جاھانغا تارالسۇن»، دېيىلگەنىدى.

1999 ـ يىل 16 ـ سېنتەبىر، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خېتى شەھەر باشلىقى نۇر بەكرىنىڭ قولىغا تەگدى. خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغان شەھەر باشلىقىنىڭ غەزىپى كەلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇزۇنغىچە تىنچىمىدى. ئۇ، بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ داۋاملىشىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، چېگرا شەھىرىنىڭ نام شەرىپىگە داغ چۈشۈرىدىغان زەھەرلىك ئۆسمىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى.

خەت تېزلىكتە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يەنيۈڭنىڭ قولىغا تەگدى. شەھەر باشلىقىنىڭ تەستىقى ۋە خەتنى ئوقۇغان جاڭ يەنيۈڭ شۇئان مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جاڭ جىجياڭغا سايباغ رايونلۇق شۆبە ئىدارە، ج خ قاتناش شۆبە ئىدارە، قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتى ۋە ئامانلىق قوغداش تارماق ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى تەشكىللەپ، تەكشۈرۈش، ئەسلىيلەشتۈرۈش ۋە كونكرېت تەدبىر قوللىنىپ جەنۇبىي ۋوگزال رايونىدىكى زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىش ھادىسىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشنى بۇيرۇدى.

شۇنىڭ بىلەن، «جەنۇبىي ۋوگزال رايونىدىكى زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىش قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش» مەخسۇس كۈرىشى قانات يايدى.

## زەھەرلىك ئۆسمىنى كېسىپ تاشلاش

جەنۇبىي ۋوگزال رايونى ئۈرۈمچى سايباغ رايونى تەۋەلىكىدە بولۇپ، جەنۇبىي ۋوگزال رايونىدىكى قانۇنسىز ھالدا زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىش ھادىسىلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش ۋەزىپىسى تەبىئىي ھالدا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى سايباغ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

ج خ سايباغ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى پارتكومى ئامما ئىنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسى ۋە شەھەر باشلىقىنىڭ تەستىقىغا ئېتىبار بەرمەن قارىدى. ئىدارە باشلىقى جاڭ ۋېنفا، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى گۇمىن شۇرېن 18 ـ سېنتەبىر چۈشتىن بۇرۇن شۆبە ئىدارە ئامانلىق قوغداش چوڭ ئەترىتى، چاڭجياڭ يولى ساقچىخانىسى، جەنۇبىي ۋوگزال ساقچىخانىسى ۋە يامالىق تېغى ساقچىخانىسى ھەمدە سايباغ رايونلۇق بىرلەشمە مۇداپىئە ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇن مەسئۇللىرىنىڭ نەق مەيدان يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا: «مەركىزىي شەھەر ئېگىنى كۆچىيىپ، كۆزنەك ئورۇنلارنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاش، ئىككى بايرام (تاۋۇز چاغىنى، ئۆكتەبىر بايرىمى) نىڭ بىخەتەر ئۆتۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇ-

زۇنغىچە مۇقىم بولۇش»نى بۇ قېتىمقى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىش؛ نۇقتىلىق ھالدا زورلۇق بىلەن بولۇچى تالىشىش، بولۇچىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش، ئىپپەت ـ نومۇسىنى سېتىش، بىلەت ھايانكەشلىكى قاتارلىق قانۇنسىز جىنايى قىلمىشلارغا مەركەزلىك زەربە بېرىش؛ ھەرىكەتنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىپ، باھار بايرىمىغىچە تاماملاش؛ ئۈچ باسقۇچلۇق ھەرىكەتتە جەنۇبىي ۋوگزالنى مەركەز قىلىپ، ئەتراپتىكى رايونلارغىچە كېڭەيتىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەشنىڭ دولقۇنىنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈپتىن تۈزەش مەقسىتىگە يېتىش بېكىتىلدى.

نەق مەيدان يىغىنىدىن كېيىن، سايباغ رايونلۇق شۆبە ئىدارە ئامانلىق قوغداش چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شى لىنشىن مەسئۇللۇقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى جەنۇبىي ۋوگزال ساقچىخانىسىغا كېلىپ، ساقچىخانىدىكى ساقچىلار بىلەن بىرلىكتە داغدۇغىلىق مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى.

تۈزەش خىزمىتىدە، ئۇلار پويىزنىڭ كېلىش ـ كېتىش ۋاقتىغا ئاساسەن ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك ئىسمېنا بويىچە چارلاش ئېلىپ باردى. ئەتىگەنلىك ئىسمېنىدىكىلەر سائەت 8 دە ئىشقا چۈشۈپ 24 سائەت ئۈزلۈكسىز خىزمەت قىلدى. بىر ھەپتىگە يەتمەيلا تۈزەش خىزمىتىدە دەسلەپكى نەتىجىلەر قولغا كەلدى. جەنۇبىي ۋوگزالنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، جەنۇبىي ۋوگزال ساقچىخانىسىلا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، زورلۇق بىلەن بولۇچى تالاشقان خادىملاردىن 200 دىن ئارتۇقراقىنى تۇتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 5 ئادەم تۇتۇپ تۇرۇلدى. 50 ئادەمگە جەرىمانە قويۇلدى. 160 تىن ئارتۇق ئادەم تەكشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ج خ ئورگانلىرى قاتناش ـ ترانسپورت باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە جىنچيۇ مېھمانخانىسى، مالەن مېھمانخانىسى ۋە ھەربىي رايون 2 ـ مېھمانخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى قانۇنسىز ماشىنا ماڭغۇزۇش نۇقتىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەجبۇرىي تۇتۇپ تۇرۇلغان ۋە زورلۇق بىلەن ماشىنىغا چىقىرىلغان 120 دەك يولۇچىنى قۇتقۇزۇۋالدى.

1999 ـ يىل 11 ـ ئۆكتەبىر، چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولغان گەنسۇلۇق خەلق ئىشچىسى يۈەن ئەيكې قاتارلىق 4 كىشى، چۆچەكتىن ئۈرۈمچى جەنۇبىي ۋوگزالىغا قاتنايدىغان ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ بىلەت سېتىۋېلىش زالىغا كېتىۋاتقىنىدا، ئۇدۇلىدىن 4 ـ 5 دەك بالا كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى گەنسۇغا قاتنايدىغان يەككە تىجارەت ماشىنىسىنىڭ بېلىتىنى ئېلىشقا زورلايدۇ. يۈەن ئەيكې قاتارلىق 4 ئادەم يەككە تىجارەتچىنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرمايمىز، دەيدۇ. بۇ بالىلار گەپ ـ سۆز قىلمايلا ئۇلارنى ئۇرۇشقا باشلايدۇ. ئارىدا يۈەن ئەيكېنىڭ ھەمراھلىرىدىن 2 سى قېچىپ كېتىدۇ. يۈەن ئەيكې بىلەن يەنە بىرەيلەن ئۇلاردىن قۇتۇلالماي، ئىلاجىسىزلىقتىن لەنجۇغا بارىدىغان بېلەتتىن 1 نى سېتىۋالىدۇ، قارشى تەرەپ يۈەن ئەيكې ۋە ئۇنىڭ ھەمراھىنى بىر ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت بىلەن ۋوگزال يېنىدىكى جىنچيۇ مېھمانخانىسىغا ئاپىرىپ بىر ئۆيگە سولاپ قويىدۇ ھەمدە: «يەنە بىر بېلەت ئېلىڭلار، بولمىسا جېنىڭلارغا ھېزى بولۇڭلار» دەپ تەھدىت سالىدۇ. يۈەن ئەيكې ھەمراھى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ چىقىدۇ ـ دە، ۋوگزال ساقچىخانىسىغا دېلو مەلۇم قىلىدۇ. ئامانلىق قوغداش ئەترىتى ۋە ساقچىخانىدىكى ساقچىلار دەرھال جىنچيۇ مېھمانخانىسىنىڭ ماشىنا ماڭغۇزۇش نۇقتىسىغا كېلىپ، قانۇنسىز يولۇچى توشۇغان ماشىنىدىن 1 نى تۇتۇۋالىدۇ ھەمدە ماشىنىدىكى 22 گەنسۇلۇق خەلق ئىشچىسىنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. ساقچىلار توختىماي قوغلاپ زەربە بېرىپ، گەنسۇدىن شىنجاڭغا ئېقىپ كەلگەن ما يەنيۇڭ قاتارلىق قانۇنسىز يولۇچى توشۇش بىلەن شۇغۇللانغانلارنى قولغا چۈشۈردى.

جەنۇبىي ۋوگزال رايونىدىكى تۈزەش خىزمىتى كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، سايباغ رايونلۇق شۆبە ئىدارىدىكى رەھبەرلەر نەزەرىنى نەنزىگو قاتناش بېكىتىگە ئاغدۇردى. چۈنكى، بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا قانۇنسىز ھالدا يولۇچىلارنى مەجبۇرلاش، مەركىزىي شەھەرنىڭ ئوبرازىغا داغ چۈشۈرۈش ھادىسىلىرى مەۋجۇت ئىدى.

جاھىل كېسەلنى ساقايتىش تەسقا تەس

جەنۇبىي ۋوگزال رايونى ۋە نەنزىگو ماشىنا



بېكىتىدىكى زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشى بۈگۈنكىلا ئىش بولماستىن، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ، يامانلىق تېخى رايوننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان كونا چىگىش مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ھەمدە بىۋاستە نۇرغۇنلىغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا زىيانلىق دېلولارنى پەيدا قىلىپ، يولۇچىلارنىڭ ھاياتى ۋە مال مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سېلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتاتتى. شۇڭا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى سايباغ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى ھەمدە ئۇلارغا قاراشلىق جەنۇبىي ۋوگزال ساقچىخانىسى، تەڭرىگۇ ماشىنا بېكىتى ساقچىخانىسى كۆپ قېتىم تەرتىپكە سالغان ۋە تۈزەش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن مەسىلە تۈپتىن ھەل بولمىغان. ھەتتا بۇنداق ھادىسىلەر ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈپ، يامان سۈپەتلىك ئايلىنىشنى پەيدا قىلغانىدى.

ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىش ھادىسىلىرى زەربە بەرگەنسېرى توسۇپ قېلىنمايدۇ، بۇ كېسەلنى ساقايتىش نېمىشكە تەس؟

بۇ مەسىلىگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى قېزىشقا، ئالدى بىلەن زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىش ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى ئوبيېكتىپ سەۋەب ھەمدە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى تۇپراق ۋە ئالدىنقى شەرتنى تېپىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، كېسەلگە قاراپ دورا بەرگىلى، ئۈنۈملۈك ئۇسۇل تاپقىلى بولىدۇ.

زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبنىڭ بىرىنچىسى: ترانسپورت كۈچى ترانسپورت مىقدارىدىن ئېشىپ كېتىپ، قانۇنسىز رىقابەت كېلىپ چىقتى.

جەنۇبىي ۋوگزال رايونىدىكى يولۇچى تالىشىش ھادىسىسى 1987 - يىلدىن ئېتىبارەن پەيدا بولغان بولۇپ، 10 يىلدىن ئاشتى. دەسلەپتە، ئاساسلىقى نۆۋەتچى ماشىنا شوپۇرلىرى كىرىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن نوقۇل ھالدا يولۇچى تالىشاتتى. ۋەھالەنكى، پويىز سۈرئىتىنى ئاشۇرۇش، نۆۋەتچى پويىز سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، يەككە ترانسپورت بارلىققا كەلدى. خېنەن، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن شىنجاڭغا قاتنايدىغان نۆۋەتچى ماشىنىلار بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ترانسپورت بازىرىدا ترانسپورت كۈچى ئېشىپ، يىلنىڭ 4 پەسلىدە خەلق ئىشچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىش، يۇرتىغا قايتىشىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدىن باشقا چاغدا ترانسپورت بازىرىدىكى توشۇش كۈچى توشۇش مىقدارىدىن ئېشىپ كەتتى. بەزى يەككە تىجارەتچىلەر يولۇچى مەنبەسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن نورمال بولمىغان يولۇچى تالىشىش ۋاسىتىلىرىنى قوللاندى. بۇ تەرەققىي قىلىپ ھازىرقىدەك زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىش ھادىسىلىرى پەيدا بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق زورلۇق بىلەن يولۇچى توشۇش ھادىسىلىرى يەككە ترانسپورت تىجارەتچىلىرى ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نۇرغۇنلىغان دۆلەت ئىلكىدىكى يولۇچى توشۇش تارماقلىرىدىمۇ مەۋجۇت.



زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبنىڭ ئىككىنچىسى: يولۇچى توشۇش بازارلىرى قالايمىقان، ئۈنۈملۈك نازارەت، باشقۇرۇش كەمچىل.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يولۇچى توشۇش كەسپى راۋاجلاندى. لېكىن، نۇرغۇنلىغان يولۇچى توشۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىپ، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرگەچكە، يەنە كېلىپ، نۇرغۇنلىغان مېھمانسارايلار، مېھمانخانىلار مەنپەئەت قوغلىشىپ، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ماشىنا توختاش، ماڭغۇزۇش نۇقتىسى بېكەتلىرىنى تەسىس قىلىپ، خېرىدارلارنى ئۆزىگە قارىتىپ، كىرىمىنى ئاشۇردى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئالدىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، ئۈرۈمچىدىكى ماشىنا ماڭغۇزۇش نۇقتىلىرى 50 تىن ئاشقان. بىر نەچچە رەت تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق بۇنداق نۇقتا 11 گە چۈشكەن. بۇ ماشىنا توختاش ماڭغۇزۇش نۇقتىلىرىنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرى قالايمىقان بولۇپ، نازارەت قىلىش يېتىشىپ بولالمىغان. بۇ، زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىشقا يوچۇق ئېچىپ بەرگەن.

زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۈچىنچى سەۋەب: ئادەم ۋە ماددىي ئەشيالارنىڭ يۆتكىلىشى، زور تۈركۈمدىكى «3 بولمىغان» خادىملارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى.

ج خ ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، جەنۇبىي ۋوگزال رايونى، تەڭرىگۇ قاتناش بېكىتىدە يولۇچى تالىشىشنى كەسىپ قىلىۋالغانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا ئېقىپ كەلگەن «3 بولمىغان» كىشىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ نورمال كەسپى ۋە باشقا كۈن ئېلىش ۋاسىتىلىرى بولمىغانلىقتىن، قانۇن يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ تاپاۋەت قىلماقچى بولغان. ئۇلار ھەمىشە يۇرتداشلىقنى ئاساس قىلىپ سىستېما شەكىللەندۈرۈپ، توپلىنىشىپ دېلو سادىر قىلغان. بىرەر شەپىنى سېزىپ قالسىلا تىكىۋېتىپ، شەپە ئۆتۈپ كەتكەندە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان. بۇ ج خ ئورگانلىرىنىڭ زەربە بېرىش بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە زور قىيىنچىلىق پەيدا قىلغان.

زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۆتىنچى سەۋەب: زور ئىقتىسادىي مەنپەئەت، قارا جەمئىيەت گۇرۇھلىرىنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىشى.

ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا، جەنۇبىي ۋوگزال رايونىدا بىر ئادەتتىكى يولۇچى تالىشىش كەسپىنى قىلـ

غوجىنىڭ ئايلىق كىرىمى 3000 يۈەن ئەتراپىدا ئىكەن. خەلق ئىشچىلىرى يۇرتلىرىغا قايتىدىغان مەزگىل كەلگەندە، ئۇلار كۈنىگە 200 يۈەندىن كىرىم قىلغان. بۇ خىل يۇقىرى نەپ بېرىدىغان «يېنىك» خىزمەت نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ «كەسپى»گە ئايلانغان. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇلار «بازار» ئىگىلەش ئۈچۈن گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، قارا جەمئىيەت خاراكتېرىدىكى گۇرۇھلارنى شەكىللەندۈرگەن. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، تەسىرى چوڭراق گۇرۇھلاردىن خېنەن گۇرۇھى، سىچۈەن گۇرۇھى، گەنسۇ گۇرۇھى، ئىلى گۇرۇھى، ئالتاي گۇرۇھى ۋە بۆرتالا گۇرۇھى قاتارلىقلار بار ئىكەن. بۇ گۇرۇھلاردا يېڭىكلار ئالدىغا چىقىپ يولۇچى تالىشىدىكەن. گۇرۇھ بېشى بولسا ماشىنا ئورۇنلاشتۇرۇش، پۇل يىغىش ئىشىنى قىلىدىكەن. ھەر قايسى گۇرۇھلار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر-بىرىدىن پايدىلىنىپ، زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىپلا قالماستىن، بەلكى، زورلۇق بىلەن ماشىنىنى كۆتۈرە ئېلىۋېلىپ، ئۈستىلىق بىلەن يولۇچىلارنى قاقتى-سوقتى قىلغاچقا، ئۈرۈمچىنىڭ يولۇچى توشۇش بازارلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن.

## كۆك قالقاننىڭ ئەپسۇسلىنىشى ۋە ئارسالدى بولۇشى

زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرىنى تېپىپ چىققانلىق بىلەن ھەممە مەسىلە ھەل بولۇپ كېتەرمۇ؟ ھەقىقىي ئۈنۈملۈك رېتسىپ بىلەن بۇ جاھىل كېسەلنى تۈپتىن ساقايتقىلى بولارمۇ؟

مەسىلە ئۇنداق ئاددىي بولمىسا كېرەك.

بۇ قېتىمقى مەخسۇس تۈزەش تەرتىپكە سېلىشتا، سايباغ رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانىسى ئۈرۈمچى ئۇزۇن يوللۇق قاتناش شىركىتى بىلەن بىرلىكتە يامالىق رايونىدىكى بارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان يىغىن چاقىردى. يىغىندا، يولۇچى توشۇش شىركىتى، نەنجياڭ قاتناش بېكىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى قانۇنسىز يولۇچى تالىشىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش-قالدۇرماسلىق مەسىلىسى ئۈستىدە ئىككى خىل ئوخشاشمىغان پىكىردە بولغان. بىر خىل پىكىردىكىلەر: قانۇنسىز يولۇچى تالىشىش ھادىسىسى جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزۇپ، ماشىنا بېكەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى بۇلغىدى، ھەتتا ئۆزلىرى قانۇنسىز ئىگىلىۋالغان بازارنى كونترول قىلىپ، بېكەتنى قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ دۆلەت مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىۋەتتى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، بۇ خىل ھادىسىلەرنى قەتئىي توسۇش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. يەنە بىر خىل پىكىردىكىلەر: يولۇچى تالىشىش خادىملىرى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن ئالاھىدە كىشىلەر توپى. ئۇلارنىڭ پارازىت قۇرۇت ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. لېكىن، ئۇلار بولمىسا يولۇچى توشۇش نۆۋەتچى ماشىنىلىرى خېرىدار مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ-دە، زىيان پايدىغان كۆپ بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇلار نەنجياڭ قاتناش بېكىتىدە بۇ يىل 1-ئايدا «ئىشىكنى تاقىۋېلىپ تىجارەت قىلىش»نى يولغا قويۇپ مەغلۇپ بولغانلىقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىشىنى ئىسپاتلىغان.

مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ساقچى، نەنجياڭ قاتناش بېكىتى ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى تيەن جۈن سۇبيېكتىپ جەھەتتە، قانۇنسىز ھالدا يولۇچى تالىشىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قوللىغان. ئۇ، نەنجياڭ قاتناش بېكىتىدە بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەنۇبىي ۋە شىمال رايونىغا قارىغاندا ئاسان، ئەگەر ھەقىقىي يوسۇندا زورلۇق بىلەن يولۇچى تالىشىشنى ئۈزۈل-كېسىل ئەمەلدىن قالدۇرغاندا، قاتناش بېكىتىنىڭ ئامانلىقى ياخشىلىنىپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئازايسا، ئۇلارنىڭ ئەلۋەتتە خۇشال بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئاشۇ قانۇنسىز يولۇچى تالىشىش خادىملىرىنى بىراقلا قوغلىۋەتسە قاتناش بېكىتىنىڭ خېرىدار مەنبەسىنى يەككە تىجارەتچىلەر تارتىۋالىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئۇ ھالدا شىركەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قانداق جاۋاب بەرگۈلۈك، يەنە كېلىپ، ئۇ شىركەت رەھبەرلىرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىمامدۇ؟

ئۈرۈمچى ترانسپورت شىركىتى تاقىلىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان كارخانا بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ، بولۇپمۇ پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىركەت ئەسلىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىنى ماشىنا ماڭغۇزۇش نۇقتىسىغا ئۆزگەرتىپ، كىرىمىنى ئاشۇرماقچى بولغان. بۇ قېتىمقى رەتلەش، تەرتىپكە سېلىشتا، ماشىنا ماڭغۇزۇش نۇقتىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلىغان بارلىق پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىردەك نارازىلىق بىلدۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئەرز-شىكايەت، تەلەپنامە سۇنغان...

زىيارەت جەريانىدا، مۇئەللىپ نۇرغۇن كىشىلەر، ساقچىلار ۋە يولۇچى توشۇش تارماقلىرىدىكى مەسئۇللار بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ باشلىرىنى چايقىشىپ: تۈزەش تەس! دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن!

بۇ يالغۇز ج خ ئورگانلىرى، قاتناش تارماقلىرىلا تۈزەپ كېتەلەيدىغان ئىش بولماستىن، بەلكى ھەر تەرەپلىمىلىك تۈزەشنى تەلەپ قىلىدىغان، ھەر قايسى تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر.

ئىمىن ئېلى (ت)





# خەلق ساقچى مەكتەپلىرى ئەخلاقىي تەربىيىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ لاياقەتلىك خەلق ساقچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى لازىم

مەرۋايىت شاھىدىن

خەلق ساقچىلىرى مەملىكىتىمىز ئازاد بولغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە پارتىيە، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ، خەلقنى قوغداپ كەلدى. بولۇپمۇ، پارتىيە 11 نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ خەلق ساقچىلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ۋەزىپىمۇ كۈندىن كۈنگە ئېغىرلاشماقتا. جەمئىيەتمۇ قابىلىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىقتىدارلىق، پەزىلەتلىك خەلق ساقچىلىرىغا مۇھتاج بولماقتا.

مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا خەلق ساقچى مەكتەپلىرى ئۆزىنىڭ تەربىيىلەش ئوبيېكتلىرىنى قانداق تەربىيىلىشى كېرەك؟

خەلق ساقچى مەكتەپلىرى تەربىيىلەنگۈچىلەرنى كەسپىي تەرەپتىنلا تەربىيىلەپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى تەربىيىلەش ئوبيېكتلىرىغا بولغان ئىدىيە ئەخلاق تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشى لازىم.

پارتىيىمىز ئەزەلدىنلا ئەخلاق تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىلگەن ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە. بولۇپمۇ ماۋ زېدۇڭ ۋە يېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمىتى توغرىسىدا تۇرغۇزۇلغان قىممەتلىك بايانلىرى بار. بۇ، بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىدە مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

نۆۋەتتە ئېلىمىز يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان ۋەزىپە ئېلىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە ۋە يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىقتىسادىي خىزمەتنى مەركەز قىلغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەلدى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشى ھەرگىزمۇ ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئاخىرقى ھېسابتا ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسى.

ھالبۇكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يەنە كېلىپ ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن غايەت زور ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشىنىڭ بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئىككىسى بىر بىرىنى شەرت قىلىدۇ ۋە بىر بىرىنى ئالغا سۈرىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ يادروسى كوممۇنىزملىق ئىدىيە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئەخلاق تەربىيىسى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش تەلىم تەربىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. سوتسىيالىزم جەمئىيىتى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئېھتىياجلىق كىشىلەر مەيلى مەخسۇس ئىختىساسلاشقان كىشىلەر بولسۇن، ياكى ئادەتتىكى تەربىيىلەنگۈچىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پرولېتارىياتنىڭ ئالىيجاناب ئىدىيىۋى ئەخلاق پەزىلىتىگە ئىگە بولۇشى لازىم. شۇڭا ئەخلاق تەربىيىسى مائارىپ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستە. ئوقۇغۇچىلاردا ماركسىزم - لېنىنىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ ئاساسى بولغان كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى ئەخلاق، قەتئىي توغرا سىياسىي مەيدان، سىياسىي يۆنىلىش بولسىكەن، ھەر قانداق پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش جەھەتلەردە زور كۈچ قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ياش ئوقۇغۇچىلار جىسمانىي ۋە پسىخىكا جەھەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردە تۇرغان بولۇپ، پسىخىكا تەرەققىياتى تېخى تولۇق يېتىلمىگەن بولىدۇ. بۇ دائىم دېگۈدەك مۇستەقىللىقى بىلەن تايىنىشچانلىقى پىشىپ يېتىلىشى زىددىيەت ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلاردا ئەۋرىشىمچانلىق زور، دورامچىلىق ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ھەر خىل ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىنى ئاسانلا قوبۇل قىلىدۇ. ياشلىق دەۋرى ھەم ئىدىيە - ئەخلاق پەزىلەت تەربىيىسىنىڭمۇ ئەڭ مۇھىم ھالقىلىق دەۋرى، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى دەۋرى. ئېلىمىزنىڭ ياش - ئۆسمۈرلىرى يېڭى جەمئىيەتتە ئۆسۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تەربىيىسىگە ئېرىشىپ، پرولېتارىياتنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىسىنى قوبۇل قىلالىدۇ. بۇ ئۇلاردا پرولېتارىياتنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى پەزىلىتى ھەمدە دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ئەۋزەل شارائىت. لېكىن بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىزم دەۋرىدە، دۆلەت ئىچىدىكى ئامىللار ۋە خەلقئارا تەسىرلەر تۈپەيلىدىن ھەر خىل دۈشمەن كۈچلەرنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرى بىلەن بولغان كۈرەش ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. خەلق ئىچىدە بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇرمۇش شەكلى يەنىلا ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ياش ئەۋلادلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارنى چىرىتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ياش ئەۋلادلارغا بولغان ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، مەنىۋى جەھەتتىكى بۇلغىنىشنى تازىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلارنى ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىن ساغلام يېتىلدۈرۈپ، قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلاردا يۈكسەك پرولېتارىياتلىق ئىدىيە ئەخلاق پەزىلىتىنى شەكىللەندۈرەلەيمىز. شۇڭا خەلق ساقچى مەكتەپلىرى ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسىنى قەتئىي تۈردە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى لازىم.



FAZHIZONGHENG

# ئاۋمېن قارا گۇرۇھدىكىلەرنىڭ باشلىقىنى تۇتۇش



ئالى

I

جۇڭگو جوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان ئاۋمېن يېرىم ئارىلىنىڭ هاۋاسى سالقىن بولۇپ، تولۇق چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرى، تاغ ۋە سۇلىرى، دېڭىز ساھىلى سۈبتروپىك بەلۋاغقا خاس ئۆزگىچە مەنزىرىسىنى هاسىل قىلغانىدى.

جۇڭگو 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاۋمېنغا بولغان ئىگىلىك هوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، بۇ 1997 - يىل شياڭگاڭنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان يەنە بىر كاتتا ئىش. 400 مىڭ ئاۋمېنلىق غۇلجىنى كەڭ يېيىپ بۇ تۆپراقنىڭ ھەقىقىي خوجىلىرىغا ئايلاندى.

ئەمما، يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئاۋمېننىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى دېگەندەك ياخشى بولمىدى، بولۇپمۇ قارا جەمئىيەتنىڭ تەشكىللىك ھەرىكەتلىرى كۆپىيىپ، ئاۋمېن دائىرىلىرى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى.

1997 - يىلىنىڭ بېشىدا گۇاڭدۇڭ ئاۋمېننىڭ ئامانلىقىنى تۈزەش دائىرىلىرى ئۈچرىشىپ، قارا جەمئىيەت گۇرۇھلىرىغا بىرلىكتە زەربە بېرىش ئۈستىدە كېڭەشتى. ھەمدە جۇخەي، شېنجېن، جۇڭشەن قاتارلىق جايلاردا بىرلىشىپ قارا جەمئىيەتچىلەرگە زەربە بېرىشنى قانات يايدۇردى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى ئاۋمېننىڭ قايتۇرۇپ كېلىنىشىدىكى بىخەتەرلىك، قوغداش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، گۇاڭدۇڭ، ئاۋمېننىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئاۋمېننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ تىنچ بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، گۇاڭدۇڭ، ئاۋمېندىكى ئاۋمېن قارا گۇرۇھ كۈچلىرىگە زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. گۇاڭدۇڭ ئاۋمېن ساقچىلىرى زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتى. بى چېڭجيەن باشچىلىقىدىكى چېگرا ھالقىغان جىنايەتچىلەر گۇرۇھى ئىككى تەرەپ ساقچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى: بى چېڭجيەن گۇرۇھىدىكىلەر ئىچكىرىدىكى جىنايەتچىلەر بىلەن بىرلىشىپ 1994 - يىلدىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن ئاۋمېن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلاردا كۆپ قېتىم قوراللىق بۇلاڭچىلىق، تۇتۇپ كېتىش، پارتلىتىش قاتارلىق ئېچىنىشلىق دېلولارنى سادىر قىلغان، ئۇلار چېگرا ھالقىپ دېلو سادىر قىلاتتى، ئۇلارنىڭ تەشكىلى مەخپىي، ۋاسىتىسى قەبىھ ئىدى.

1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئىدارىسى « A مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى» نى قۇردى. بى چېڭجيەن شايكىسىدىكىلەرگە قارشى قۇرۇلغان بۇ مەخسۇس كۈچ ئۇلارنىڭ دېرىكىنى قىلىشقا باشلىدى.

II

مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى ھەممە جايدا دېرىكىنى قىلمۇلتقاندا، بې چېڭجيەن گۇاڭدۇڭ ساقچى تەرەپنىڭ ئۇزىگە كۆز تىككەنلىكىدىن مۇتلەق خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ ئاۋمېننىڭ خۇاڭچاۋ مەيدانىدىكى ئۆيىدە، مەخپىي پۇل يۆتكىگۈچىلەرنى قوراللىق بۇلاشنىڭ كويىغا چۈشكەنىدى.

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 بولغان چاغ. ئاۋمېننىڭ بادا ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىدا ئىككى سايە بىر ئاپتوموبىلنىڭ يېنىدا ئىمىسقىلاپ يۈرەتتى. ئۇلار بىر ئايالنىڭ موتسىكلىتلىق كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال يانفوننى چىقىرىپ، ئادەملەرگە خەۋەر بېرىۋەتتى: «چوڭام، كەلدى!». چوڭام دېيىلگەن ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئەر يەنە بىر تەرەپتىن ماشىنا ھەيدەپ كېلىپ، موتسىكلىتلىق ئايالنى بىر تەرەپكە قىستىماقچى بولدى.

موتسىكلىتلىق ئايال شياڭگاڭ - ئاۋمېن پىرىستانى تەرەپكە بۇرۇلدى، ئوتتۇرا ياشلىق ئەر يانفوننى چىقىرىپ پەس ئاۋازدا بۇيرۇق قىلدى: «ۋېنزەي، قول سال!»

موتسىكلىتلىق ئايال شياڭگاڭ ئاۋمېن پىرىستانى يېنىدىكى ئاسما كۆۋرۈككە كەلگەندە، ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن بىر مىنىبۇس ئايالنى سوقۇۋەتتى. مىنىبۇستىن ئۈچ ئەر چۈشۈپ، ئايالنى ھايىلا - شايىلا ماشىنىغا كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاقبۇلۇت گۈلزارلىقى تەرەپكە ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى … …

ئاۋمېن شەھەر ئاھالىلىرى چۈشتە تېلېۋىزورنى ئېچىپ، دائىم كۆرۈلۈپ تۇرغانلىقتىن، غەيرى تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالغان مۇنداق بىر خەۋەرنى بىلىشتى: «بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 ئەتراپىدا، شياڭگاڭ - ئاۋمېن پىرىستانى يېنىدىكى ئاسما كۆۋرۈك يېنىدا 140 مىڭ دوللار، 820 مىڭ تەيۋەن پۇلى، 5 مىليون كورېيە پۇلى ئېلىپ ماڭغان موتسىكلىتلىق بىر ئايال بۇلاندى، ھازىر ساقچى تەرەپ بۇلاڭچىلاردىن ئىككىنى قولغا چۈشۈردى… »

ئىككى كۈندىن كېيىن ئاۋمېن ساقچى تەرەپ ئادەتتىكىنىڭ ئەكسىچە، دېلو ئەھۋالىدىكى ئىلگىرىلەشكە دائىر ھېچ قانداق خەۋەرنى ئاشكارىلىمىدى. شياڭگاڭ - ئاۋمېن پىرىستانى ئەتراپى ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كەتكەنىدى.

بۇ كۈنى چۈشتە، ئاۋمېن ئامانلىق ساقچى نازارىتىگە بارىدىغان كوچىدا، بىر دانە «خانتاجى» ماركىلىق قارا پىكاپ تېز كەلمەكتىدى، پىكاپتىكى رازۋېدكىچى شياۋ خۇاڭ بىلەن شياۋ جاڭ دەل « مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى» نىڭ ئەزالىرى ئىدى. ئاۋمېن ساقچى تەرەپ تەمىنلىگەن ئاخباراتقا ئاساسەن، «4 - ماي» بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى سادىر قىلغۇچىلار دەل مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى ئىزدەۋاتقان بې چېڭجيەن شايكىسى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىققانىدى. كەچقۇرۇن خاۋجياڭ دەرياسى چىراغ نۇرىدا تەۋرىنەتتى. ئىككى نەپەر ئاۋمېن ساقچىسى ئىچكىرىدىن كەلگەن ئىككى نەپەر كەسپىدىشىنى ئۇزاتقاچ، ئۇلارغا «بۇ شايكىدىكىلەر ئىچكىرىگە كېتىۋالغان



بولۇشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن… » دېدى.

III

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۈن نىسپى، جۇخەي شەھىرىنىڭ شياڭنىڭ يېڭى كەنتى جىمجىتلىققا چۆككەن، بەزى جاڭشەن تېغى ئېتىكىدىكى بىر كونا بىنانىڭ دېرىزە پەردىلىرى ئازراقمۇ نۇر ئۆتمىگىدەك قىلىپ تارتىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ ھال بۇ جاينى تېخىمۇ سىرلىق تۈسكە كىرگۈزگەنىدى، مەخسۇس دېلوغا قوماندانلىق قىلىش شتابى ۋاقىتلىق مۇشۇ جايغا يۆتكىلىپ كەلگەنىدى.

مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى مۇنداق ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەنىدى: بې چېڭجيەن لى شىنۋېن، ۋۇجياۋ ھەم لەي بوجېن قاتارلىقلارنى باشلاپ ئىچكىرىگە كېتىۋالغان ھەمدە پەنيۇ ۋە خۇادۇ ئەتراپلىرىدا پەيدا بولغان. بې چېڭجيەن بىرنەچچە قېتىم لى لېشېڭ دېگەن ئاغىنىسى بىلەن ئۇچرىشماقچى بولغان، لى شىنۋېنمۇ ئاچىسى لى لىڭ بىلەن ئالاقىلاشمەكچى بولغان. بې چېڭجيەننى تېپىش ئۈچۈن لى لىڭ بىلەن لى لېشېڭنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىشقا بولىدۇ. لى لىڭ خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شىشۇ شەھىرى دۇڭشېڭ بازىرىدا تۇرىدۇ، لى لېشېڭ جۇخەيدە يوشۇرۇنۇپ يۈرمەكتە.

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لياڭ گوچۇ خىزمەتنى تەقسىم قىلدى: دەرھال قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسىدىن ئىككىسى چىقىرىلسۇن، بىرى خۇبېيغا، بىرى گۇاڭجۇغا ماڭسۇن.

IV

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن كېيىن «A مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى» دىكى شياۋ خۇاڭ بىلەن شياۋلى ۋۇخەن خەلقئارا ئايرودرومىدىن چىقتى، ئۇلار دەرھال خۇبېينىڭ شىشۇ شەھىرىگە بېرىپ، لى شىنۋېننىڭ دېرىكىنى قىلىشى كېرەك ئىدى.

لى شىنۋېن ئەسلى شىشۇ شەھىرى دۇڭشېڭ بازىرىنىڭ شىنجيەن كوچىسىدا تۇراتتى، بۇ جاي شەھەرنىڭ سىرتى پاتقاقلىق تار كوچىنى نەچچە ئايلىنىپ بارىدىغان، سىرلىق ئورۇندەك بىر جاي ئىدى. لى ئائىلىسىنىڭ تۇرالغۇسى دالىغا يېقىن ئىدى. بۇ داچا شەكلىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، ئەتراپىدىكى ئۆيلەردىن كۆپ ئېسىل ئىدى.

لى شىنۋېننىڭ ئاچىسى لى لىڭ مۇشۇ ئۆيدە تۇراتتى. شياۋ خۇاڭ ۋە ئۇنىڭ خۇبېيلىق كەسپىدىشى بۇ ئۆيگە كۆز تىكمەكتە ئىدى.

لى لىڭ ئائىلىسى كۆپ باللىق ئائىلە ئىدى، بىراق لى لىڭ بىلەن لى شىنۋېنلا بىر ئاتا - ئانىدىن بولغان قېرىنداشلار بولغاچقا، بىر - بىرىگە مېھرى چوڭقۇر ئىدى. لى لىڭ بىرنەچچە يىل بۇرۇن جەنۇبقا ئىشلەشچىلىككە بېرىپ، شياڭگاڭلىق لى لېشېڭ بىلەن تونۇشقان ھەمدە

ئىككىسىنىڭ ئاشىنىدارچىلىقى نەتىجىسىدە بىر بالا تۇغۇلغانىدى. لى لېشېڭ بىلەن يې چېڭجېيىن ئىلگىرى گۇاڭجۇدا بىرگە ئوقۇغان مەكتەپداشلار بولۇپلا قالماي، يەنە بىللە ئوغرىلىقچە شىياڭگاڭغا ئۆتكەن قىيامەتلىك دوستلاردىن ئىدى.

كۈنلەر بىر بىرلەپ ئۆتمەكتە. لى شىنۇيېن شىشۇدا باشتىن ئاخىر ئۆزىنى كۆرسەتمىدى، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەھۋال ئۆزگەردى. بىر سىرلىق ئەر چەت جايدا لى لىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ: «ۋېنزەي (لى شىنۇيېن) نەگە كەتتى؟» دەپ سورىدى. لى لىڭ ھودۇققان ھالدا: «مەن نەدىن بىلەي؟» دېدى. ئەر: «مېنىڭ باشقا ئىشىممۇ يوق ... ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەۋىرىنى بېرىۋەتسۇن، چوڭ ئاكام ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ ... » دېدى.

لى شىنۇيېن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە دېگۇدەك شاڭخەيدىن لى لىڭغا تېلېفون بېرىپ: «ئاچا، مەن ئۇلارغا ئارىلاشمايمەن، سەن مېنى نەگە بار سۇن دەيسەن؟» دېدى. ئېنىقكى ئۇ قورقۇپ قالغانىدى. ئۇ ساقچىلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ كېتىشىدىن ھەم، «چوڭ ئاكام» نىڭ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشىدىنمۇ قورققانىدى. ئۇ لى لېشېڭ بىلەن لى لىڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، گۇاڭدۇڭغا بېرىپ، ئاچىسىنىڭ جياڭمېندا ئىجارە ئالغان ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

شياۋ خۇاڭ يېرىم ئايدىن بۇيان تىرىشىپ ئاخىر بىر ئۇچىغا ئىگە بولغانلىقىدىن خۇشاللىقىنى يېسۇۋالالمايۋاتاتتى. ئۇ قوماندانلىق شىتابىغا تېلېفون بەردى: «23 - چىسلا، شاڭخەيدىن كەلگەن ئالاھىدە تېز پويىز بىلەن گۇاڭجۇ ۋوگزالىغا چۈشىدۇ... »

V

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، گۇاڭجۇ ۋوگزالىدا ئۇشتۇمتۇت يۈك - تاق كۆتۈرۈۋالغان بولسىمۇ پويىزغا چىقمايدىغان، مېھمانسارايلارغا مېھمان چاقىرىدىغان «بىكارچى» ئادەملەردىن يىگىرمە نەچچىسى پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇلار گۇاڭجۇ، جۇخەي شەھەرلىرىنىڭ ج خ ئىدارىلىرىدىن كەلگەن پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلار بولۇپ، ئالاھىدە بىر يولۇچىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس چىققانىدى.

چىقىش ئىشىكى يېنىدىكى ماگنىتلىق تاختايدا ئۈزۈلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرغان ئۇچۇرلار قاتارىدا، بىردىنلا شاڭخەيدىن گۇاڭجۇغا بارىدىغان پويىز يېرىم سائەت كېچىكىدۇ، دېگەن بىر قۇر خەت پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنى كۆرگەن ساقچىلارنىڭ يۈرىكى «قارتتىدە» قىلىپ قالدى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن يولۇچىلار چىقىش ئىشىكىدىن خۇددى سەلدەك چىقىشقا باشلىدى، شياۋ جاڭ ۋە باشقا بىرقانچە رازۋېدكىچى چىراغ يورۇقىدا يولۇچىلارغا سەپسالاتتى.

ئەمما رازۋېدكىچىلار كەچ سائەت 9 غىچە كۈتكەن بولسىمۇ «ئورۇق، ئېگىز، بىرنەچچە تال چىشى چۈشۈپ كەتكەن يىگىت» كۆزگە چېلىقمىدى. خۇبېي تەرەپتىكىلەرنىڭ ئىگىلىگەن ئۇچۇرى خاتامدۇ يا، بۇ لى شىنۇيېن بىلەن لى لىڭنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنىمۇ قانداق؟

ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرغاندا، شياۋ جاڭنىڭ يانفونى سايرىدى، جۇخەيدىكىلەر مۇنداق خەۋەر بەردى: «لى لېشېڭ لى لىڭنىڭ دېگىنى بويىچە لى شىنۇيېننى ئالغىلى بارماستىن، لى شىنۇيېننى جياڭمېنغا كەلگىن دېدى ...

شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە جياڭمېن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قوماندانلىق شىتابىنىڭ تيەنلۇڭ 2 - كوچىسىدىكى ئىجارىگە بېرىلگەن ھېلىقى ئۆينىڭ ئەتراپىغا يوشۇرۇن ساقچى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى.

تيەنلۇڭ 2 - كوچىسى كىچىك كوچا بولۇپ، كۈندۈزى ئادەم ئاز بولاتتى، ئاخشىمى بولسا تېخىمۇ جىمجىت بولۇپ كېتەتتى. جياڭمېنلىق رازۋېدكىچىلار 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ جايدا لى لىڭ بىلەن لى لېشېڭنى كۆزەتكەن بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ يەر شەكلى بىلەن تونۇش ئىدى. كەچ سائەت 11 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، شەھەر چىراغلىرى ئاستا ئاستا غۇۋالىشىشقا باشلىدى، بۇ چاغدا ئىككى تال نۇر دەستىسى ئالدى تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى. غۇڭۇلدىغان ماتور ئاۋازىغا ئەگىشىپ، بىر تاكسى ئۇدۇل ھېلىقى ئىجارىگە بېرىلگەن بىناغا قاراپ كەتتى. قاۋۇل، بەستلىك كەلگەن بىر يىگىت يوغان بىر سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىدىن چۈشتى.

شۇ ئەسنادا قاراڭغۇدىن ئۇشتۇمتۇت ئېتىلىپ چىققان بىر نەچچە قارا سايە ھېلىقى يىگىتنى يەرگە مەھكەم بېسىۋالدى.

كۆپ ئۆتمەي شياۋجاڭ بىر قانچە رازۋېدكىچىنى باشلاپ جياڭمېنغا يېتىپ باردى. يىگىتنىڭ چىرايى ھەسرەتلىك بولۇپ، زۇۋان سۈرمەيتتى. شياۋجاڭ چىراغ يورۇقىدا ھېلىقى يىگىتنىڭ كالپۇكلىرىنى ئېچىپ كۆردى، ئۇنىڭ بىر نەچچە تال چىشى يوق ئىدى. شياۋجاڭ ھېلىقى يىگىتنىڭ يەلكىسىگە شاپىلاقلاپ: «لى شىنۇيېن، بىز سىزنى بەك كۆپ ئىزدەپ كەتتۇق! » دېدى.

VI

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى شاڭخەيگە ئەۋەتكەن رازۋېدكىچى شياۋچېن بىلەن شياۋ جيۇ لى شىنۇيېننىڭ ئىقرارىغا ئاساسەن يې چېڭجېيەن شايكىسىدىكىلەر ئىلگىرى چۈشكەن شاڭخەي مېھمانسارىيىنى تاپتى.

ھەمىشە زورلۇقلار بىلەن ئېلىشىپ يۈرۈپ، رەقىبلىرىنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن شياۋ چېننىڭ ھازىر ئەندىشە



قىلمۇاتقان ئىشى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئەڭ قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئوغرىلاش ۋە ئۇلارنى ئېلىپ كېتىش ۋاقتىدا سادىر قىلىنغان ئەڭ چوڭ جىنايەت بولغان ئىكەن. ۋىلستىلەر بىلەن ئاۋمېندا دېلو سادىر قىلىپ بۇرگەن قارا جەمئىيەت كاتتىۋىشى بولغان يې چېڭجيەن لى شىنۋېنىڭ دېرەكسىز يوقالغانلىقىنى بىلسە، يەنە شاڭخەيدە تۇرارمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ئۈچ سائەتتىن كېيىن، ئىككىسى شاڭخەي جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى ئۇلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان شاڭخەي مېھمانسارىيىدىن كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللار ۋە سۈرەتلەرنى كۆرۈشكەباشلىدى. خاتىرىلەرگە قارىغاندا: يې چېڭجيەن لى شىنۋېن، ۋۇجېياۋ ۋە بىر ئايالنى ئېلىپ شاڭخەيگە سۇقۇنۇپ كىرگەندىن كېيىن، ۋۇجېياۋنىڭ راست كىملىكى ھەم «چېن فۇجىن» دېگەن ساختا كىملىك بىلەن ياتاققا تىزىملىتىپتۇ. لى شىنۋېن خوشلاشمايلا كېتىپ قالغاندىن كېيىن، يې چېڭجيەنلەر 21 - چېسلا شاڭخەيدىن كېتىپ قاپتۇ. سابىق يې چېڭجيەنگە ئەگىشىپ يۈرگەن ھېلىقى ئايال يې چېڭجيەننىڭ خوتۇنى بولۇپ، ئىسمى شۇخۇا ئىكەن، ئۇ ئايال ئىچكى موڭغۇللۇق بولۇپ، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا يې چېڭجيەنگە ئەگىشىپ باۋتۇ شەھىرىگە كېتىپتۇ.

28 - چېسلا چۈشتىن بۇرۇن شاڭخەيدىكى دېلو گۇرۇپپىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلدى: يې چېڭجيەن خۇلۇدا پەيدا بولدى ... سىلەر دەرھال شۇخۇلنى قولغا چۈشۈرۈڭلار.

كەچ سائەت 10 لاردا، شياۋچېن بىلەن شياۋ جيۇ ئايروپىلان بىلەن باۋتۇ شەھىرىگە بېرىپ، جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىگە كىرگەندە، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدكىسىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى ۋە يەنە بىر باشقارما باشلىقى ئۇلارنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى.

دەم ئالغىدەك ۋاقىت قالمىغانىدى. ئىككى تەرەپتىكى كەسپداشلار دەرھال شۇ خۇلغا دائىر بارلىق ماتېرىياللارنى ھازىر قىلدى. 29 - چېسلا سەھەر سائەت 3 بولغاندا ئۇلار ئاخىر شۇ خۇلنىڭ يوشۇرۇنغان جايىنى ئېنىقلىدى: ئۇ تىنچلىق يولى 410 - قورۇدا ئىكەن.

ئۇ توققۇز قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، ساقچىلار تەرىپىدىن قامال قىلىندى، ئۇلار قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرالتتى.

29 - چېسلا ئەتىگەن سائەت 2 لەردە شياۋچېن قوماندانلىق شتابىنىڭ «باشلىساڭلار بولىدۇ» دېگەن بۇيرۇقىنى ئالدى.

شۇ خۇا قولغا چۈشتى.

باۋتو سەنئەت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، ئۇسسۇلچى ، بوي - تۇرقى كېلىشكەن شۇ خۇا 1997 - يىلى ئۆمەك بىلەن بىللە جۇخەيدىكى مەلۇم بىر كەچلىك بەزمىخانىدا ئويۇن كۆرسىتىپ يۈرگەندە ئۇنىڭغا يې چېڭجيەننىڭ كۆزى چۈشكەن. شۇ خۇا ناھايىتى ئاسانلا ئۇنىڭ بايلىقىغا ئەسىر بولغانىدى. شۇ خۇا: «بىز باۋ تودا ئايرىلىشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن... » دېدى.

VII

يې چېڭجيەننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى شۇ خۇا بىلمىگەن بىلەن مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەتتى: يې خۇلۇدا پەيدا بولغان، ئۇنىڭ ئاشنىسى چېن مىڭمۇ ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەنىدى.

يې چېڭجيەننىڭ ئاشنىسى چېن مىڭ بىلەن بىر بالىلىق بولغىنىغا ئەمدىلا ئون نەچچە كۈن بولغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ يې چېڭجيەن ئائىلاج چېن مىڭ بىلەن قىزىنى ئاۋمېننىڭ خۇاڭجاۋ مەيدانىدىكى خېيجىڭگى دېگەن جايىغا جايلاشقان ئۆيىدە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئىچكىرىگە كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن چېن مىڭنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ گۇاڭجۇدىكى ئۆيىگە بىرى مۇنداق خەۋەرنى يەتكۈزدى: «چېن مىڭ ئەتە قايتىپ كېلىدۇ، ئاكىسى ئۇنى گۇاڭجۇغا ئېلىپ بارسۇن، ئاندىن ئۇنى ھېلىقى جايغا ئاپىرىپ قويسۇن ... »

تېلېفون بەرگۈچى خۇلۇدا ئىدى!

بۇ چاغدا شياۋخۇاڭ شىشۇدىكى ۋەزىيەتنى ئورۇنداپ بولۇپ، قوماندانلىق شتابىنىڭ دەرھال بىرنەچچە رازۋېدكىچىنى باشلاپ ئۇدۇللا خۇلۇغا بېرىش، يې چېڭجيەن دەسلەپتە خۇلۇغا كەلگەندە چۈشكەن × × مېھمانسارىيىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. دەرۋەقە يې چېڭجيەننىڭ ئايرىلماس چاپارمەنى ۋۇ جېبياۋ شۇ چاغدا 1107 - ئۆيدە ئىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 بولغان چاغ، جەنۇبنىڭ گۈزەل ئاسمىنى. بىرى ئېگىز، بىرى پاكار ئىككى ئايال ئاۋمېن تەرەپتىن كەلدى. قورال ساقچىلار ئۇلارنىڭ گۇۋاھنامىلىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ئۇلار تاموژنىدىن چىققاندىن كېيىن، بىردەم تاكسىغا چىقسا، بىردەم كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقتى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار يەنە ئالاھىدە ماشىنا نومۇرى بار پىكاپقا چىقىپ غىل يۈلداپ كېتىپ قالدى.

مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر تاموژنىدىن باشلاپلا بۇ ئىككى ئايالغا دىققەت قىلغان. ئېگىز بويلۇق ئايال چېن مىڭ ئىدى. رازۋېدكىچىلار ئالدىدا كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ قارىسىنى كۆزلىگەن پېتى تۈرمەي ماڭدى.

گۇاڭجۇدىن ئايرىلىشقا بارغانچە ئاز قالماقتا ئىدى. جۇخەينىڭ رازۋېدكىچىلار تېزلىكتە گۇاڭجۇدىكى رازۋېدكىچىلارغا تېلېفون بەردى: ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ لوشى چوڭ كۆۋرۈكى بىلەن خۇانان تېز سۈرئەتلىك تاشيولى لىنىيىسىدە كېتىۋاتقان «تويوتا» ماركىلىق پىكاپنى توغلاڭلار. ... «تويوتا» ماركىلىق ما-



شىنا پەيۋ ناھىيىسىنىڭ يىنبىڭ يولىغا كىردى جوخەيلىنىڭ رازۋېدكىچىلار جوخەيلىنىڭ سەپداشلارغا قوشۇلۇپ داۋاملىق ھېلىقى «تويوتا» نىڭ ئىزىغا چۈشتى. «تويوتا» ئاخىرى گۇاڭجۇ خۇلشيا مېيخانىسىغا بېرىپ توختىدى، ئىككى ئايال غىپپىدىلا قەھۋەخانىغا كىرىپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن بىر تاكسى ئىشىك ئالدىدا توختىدى، ئىككى ئايال قەھۋەخانىدىن چىقىپ، بىر ئەرگە ئەگىشىپ تاكسىغا چىقتى، چوڭ - كىچىك كوچىلاردا ئايلىنىپ مېڭىپ، ئاخىرىدا جۇڭگو مېيخانىسىغا باردى، ئاندىن يەنە مەيدانغا بېرىپ توختىدى.

ئىككى ئايال ماشىنىدىن چۈشۈپ، بېشىنى تۈزۈن قىلىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، بىر تاكسىغا چىقتى، بىر قانچە قېتىم قالايمىقان ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر تاكسىغا چىقتى، ئاندىن ئايرودروم تەرەپكە ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى.

رازۋېدكىچىلارنىڭ ئۈستى بېشىنى تەر باستى، كۆڭلىدە بولسا «خەققە ئاشنا بولۇپ يۈرگەن بىر خوتۇنلىكى نىمە دېگەن ھىيلىگەرلىك بۇ!» دەپ تىللايتتى.

كەچقۇرۇن ماشىنىلار كوچىدا نۇر ئېقىنىنى ھاسىل قىلىپ ئۆتۈشمەكتە، رازۋېدكىچىلار تاكسىنىڭ ئاخىرى توختىغانلىقىنى، بىر نەچچە سايىنىڭ «دېڭىز شېرى» ماركىلىق مىنىبۇسقا چىققانلىقىنى كۆردى.

مىنىبۇس بىر قانچە چۆرگىلەشلەردىن كېيىن، ئۇدۇل گۇاڭجۇ خۇادۇ يولىغا چۈشتى. گۇاڭجۇدىكى رازۋېدكىچىلار دەرھال خۇادۇدىكى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى بىلەن ئالاقىلەشتى: «گۇاڭجۇ خۇادۇ تاشيول كۆۋرۈكىنىڭ تېگىگە بارغاندا ئاق مىنىبۇسنىڭ ئىزىغا چۈشۈڭلار...»

خۇادۇدىكى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى كۆۋرۈك ئاستىغا كەلگەندە دەرۋەقە مىنىبۇسنى بايقىدى، شۇنداقلا بىر «چاڭخې» ماركىلىق مىنىبۇسنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مۇھاپىزەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ساقچىلار جىددىيلەشمىدى، مىنىبۇس مەلۇم مېيخانىغا بارغىچە خۇپىيانە ئەگەشتى، ئادەملىرى چۈشكەندىن كېيىن، مىنىبۇس يەنە غۇيۇلداپ مېڭىپ كەتتى. بىرنەچچە سايە ئەمدىلا مېيخانا ئاشخانىسىدا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، «خانتاجى» ماركىلىق قارا پىكاپ ئىشىك ئالدىدا توختىدى.

چېن مىڭ قاتارلىقلار تاماقنى يەپ بولۇپ «خانتاجى» غا چىقتى، ئاندىن «بېگى × ×مېيخانىسى» غا يۈرۈپ كەتتى، چېن مىڭ بىرنەچچە ئادەم بىلەن سومكىلىرىنى كۆتىرىپ كىرىپ كېتىپ قايتا كۆرۈنمىدى.

كەچ سائەت 11 دە قوماندانلىق شتاب خۇادۇغا يۆتكەلدى.

VIII

بېگى × ×مېيخانىسى × × ئۆيىنىڭ يېشىل پەردىلىرى تارتىۋېتىلگەن بولۇپ، ئازراقمۇ نۇر چۈشمەيتتى.

بۇ مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابى بولۇپ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى، گۇاڭجۇ، جۇخەي، خۇادۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى پاش قىلىش، تۇتۇش ھەرىكىتىگە قاتناشقان خادىملىرىنى بۇ يەرگە يىغقان ئىدى. ئۆي ئىچى قويۇق ئىسقا تولغانىدى.

رازۋېدكىغا ئاساسلانغاندا، يې چېڭجيەن شايكىنىبدەكىلەر 1216 - ۋە 1215 - ئۆيلەرگە چۈشكەن، ئەمما يې چېڭجيەننىڭ قەيەرگە يوشۇرۇنغانلىقى تېخىچە نامەلۇم ئىدى.

ئاۋىيېن قارا گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ «ھەرىكەت گۇرۇپپا باشلىقى» بولغان يې چېڭجيەن سوغۇققان، رەھىمسىزلىكى ھەم ھىيلە مىكىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن داڭلىق ئىدى. ئۇ ھەمىشە يېنىدا كۆپىرەك «جابدۇق» ئېلىپ يۈرەتتى. قارا گۇرۇھلار ئارا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلاردا ۋە ساقچىلار بىلەن ئېلىشقاندا «جابدۇق» لىرىنى ئىشقا سالاتتى. شۇناپتا ئۇنىڭ يېنىدا قورال بولۇشى چوقۇم ئىدى! شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا ئازراقمۇ پۇرسەت بېرىپ قويۇشقا بولمايتتى، بولمىسا ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

بېگى × ×مېيخانىسىنىڭ بارلىق ئۆيلىرىگە بىر خىل قۇلۇپ ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇنداق قۇلۇپنىڭ بىر يۈرۈشى بىر قانچە مىڭ يۈەن ئىدى. گېرمانىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان بۇ قۇلۇپلار يۇقىرى دەرىجىدە سوقۇلۇشتىن، قومۇرۇلۇشتىن ھەمدە ئوق زەربىسىدىن ساقلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. چاقىرتىپ كېلىنگەن ئون نەچچە نەپەر ئالاھىدە ساقچى تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكىچە ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، قۇلۇپنى ھېچنېمە قىلالمىدى.

ئەگەر ئىشىك ھەش - پەش دېگۈچە ئۇرۇپ ئېچىۋېتىلمىسە ئۆي ئىچىدىن ئوق ئېتىلاتتى... بۇنداق لايىھە بويىچە ئىش كۆرۈشكە بولمايتتى.

مۇبادا تاماق سۇنۇپ بەرگۈچى مۇلازىم قىياپىتىدە كىرسىچۇ؟ بىر ئادەم ئىشىكنى ئاچالمايدۇ، چوقۇم بىرقانچە ئادەم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى كېرەك، ئەمما قارشى تەرەپ ئىشىكنىڭ كۆرۈش تۆشۈكچىسىدىن بىر قاراپلا بۇنى سېزىۋالىدۇ. بۇمۇ بولىدىغان چارە ئەمەس.

تاڭ يورۇغىچە كۈتسەكچۇ؟ ئەتە خۇادۇ شەھىرىنىڭ بىر تەبرىكلەش پائالىيىتى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلمەكچى، 1000 دىن ئارتۇق ئۆسمۈر ئاتا ئانىسى بىلەن كېلىپ «1 - ئىيۇن»نى تەبرىكلىشىدۇ. ئېتىشىپ قالساق، ئۆلۈش، يارىلىنىشتىن ساقلىنىش قىيىن.

بۇ چاغ 29 - ماي سەھەر سائەت 4 بولغان ۋاقىت بولۇپ، قوماندانلىق ئىشخانىسى ئادەتتىن تاشقىرى جىمجىتلىققا چۆككەنىدى.

خۇادۇ شەھىرىنىڭ بىر قانچە مەسئۇلى ئورۇندىن تۇرۇپ: «قوماندان بۇيرۇق بەرسىڭىزلا ھۇجۇمنى باشلايلى، بىزدە ھەممە قورال بار، جان تىكىپ ئېلى-



شايلى» دەپ تەلەپ قىلىشتى.

ساقچى پونكىتىغا مەسئۇل باشقارما باشلىقى لىيۇ كۆزىنى چەكچەيتىپ، قەتئىي تەلەپپۇزدا: «ھۇجۇمغا ئۆتەيلى دېگەن قانداق گەپ؟! بىزدە ھەممە قورال بارلىقى راست. قاراپ تۇرۇپلا بىر قانچە يېتىم بالا ـ تۇل خوتۇن كۆپەيسە ئۇلارغا كىم جاۋابكار بولىدۇ؟» دېدى. ئۇ بىر ھازا چوڭقۇر ئويغا چۆككەندىن كېيىن شياۋخۇاڭنىڭ گۇرۇپپىسى، شياۋ جاڭنىڭ گۇرۇپپىسى، جۇخەي گۇرۇپپىسى، گۇاڭجۇ قارا گۇرۇھلارغا زەربە بېرىش چوڭ ئەترىتى ھەمدە خولۇ ئالاھىدە ساقچىلار ئەترىتىنى ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ، ئەڭ ياخشى پۇرسەتنى كۈتۈشكە بۇيرۇدى.

قوماندانلىق شتابى مېھمانخانىدىكى يولۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، مېھمانسارايى مەسئۇلىنىڭ ماسلىشىپ بېرىشى بىلەن توك يولىنى رېمونت قىلىمىز دېگەن نام بىلەن 1216 ـ ياتاققا يېقىن ئۆيلەردىكى يولۇچىلارنى باشقا قەۋەتلەرگە يۆتكىۋەتتى. رازۋېدكىچىلار تېزلىكتە 12 ـ قەۋەتتىكى بەش ئېغىز ياتاقنى، لىفىتنى، جىددىي پەيتتە چېكىنىش ئىشىكىنى قامال قىلدى.

تاڭ ئاتتى. بۇ چاغدا بېكى × × مېھمانسارىيى ئادەتتىكىدىن ئۆزگىچە جىمجىت ئىدى. كارىدوردىمۇ ھېچكىم يوق، 1216 ـ ياتاقتىنمۇ ھېچقانداق شەپە چىقمايۋاتاتتى.

چۈش سائەت 12 بولغان بولسىمۇ ھېچقانداق شەپە بولمىدى.

بىر ئازدىن كېيىن باش مۇلازىمەت ئورنىدىن 1216 ـ ياتاققا تېلېفون بېرىلدى: «ئەپەندىم، ياتاق قايتۇرامسىز؟»

«بۇنى مەن بىلمەيمەن، 1215 ـ ياتاقتىكى خېنىمدىن سوراڭ» تېلېفون قويۇۋېتىلدى، بۇ بى چېڭجېيەننىڭ ئاۋازى ئىدى.

تېلېفون 1215 ـ ياتاققا ئۇرۇلغاندا ئايال: «كېيىنرەك بىرنېمە دەيلى» دېدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە رازۋېدكىچىلارنىڭ تېلېفونى 1216 ـ ياتاقنىڭ تېلېفونىغا ئۇلاندى: «ئۇ خېنىم بىلمەيمەن دەيدۇ، سىزچە قانداق بولار؟»، «ئاغىنەم چىققاندىن كېيىن بىرنېمە دەيلى ...» بۇ بى چېڭجېيەننىڭ ئاۋازى ئىدى.

باشقارما باشلىقى لىيۇ بى چېڭجېيەننىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ يەردە بىر ئويۇن بار دەپ ئويلاپ، سۆزلەشكۈچ بىلەن ھەرقايسى گۇرۇپپىلارنى تەييارلىنىشقا بۇيرۇدى، بېشىغا پولات قالپاق، ئۇچىسىغا ئوق ئۆتمەس كىيىم كىيىشكەن ساقچىلار بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. بۇ چاغدا 1216 ـ ياتاقنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيدە تۇرۇۋاتقان كۆزەتكۈچى شۇ ئۆيدە تۇرۇپ ئىشىكنىڭ كۆزنىتىش تۆشۈكچىسىدىن بى چېڭجېيەننىڭ ئىككى چاپارمىنىنىڭ تازىلانغان كىيىمنى كۆتۈرۈپ كېلىپ 1216 ـ ياتاقنىڭ ئىشىكىنى چېكىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. باشقارما باشلىقى لىيۇ سۆزلەشكۈچنى ئېچىپ «ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

شياۋخۇاڭ ئىككى گۇرۇپپا ھۇجۇمچىنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىككى چاپارمەن ئىشىكنى تاقاشقا ئۈلگۈرمەيلا، بىر قانچە گەۋدە ياتاققا زەرب بىلەن ئېتىلىپ كىرىپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە ياتاقنى قامال قىلدى. كېيىندىكىلەرمۇ يېتىپ كېلىشتى.

چېن مىڭ كارىۋاتتا ياتاتتى، بى چېڭجېيەن كۆرۈنمەيتتى، ئەمما تازىلىقخانىدىن سۇنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازى كېلىۋاتاتتى.



شياۋ خۇاڭ تازىلىقخانىنىڭ ئىشىكىنى تېپىپ ئېچىپ تېخى ئىشىنى تۈگەتمىگەن بى چېڭجېيەننى يەرگە بېسىۋالدى، بۇ چاغدا بى چېڭجېيەن يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاۋمېن قارا جەمئىيىتىدىكى «ئابرويلۇق» ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارماي، قەستەن ئۆزىنى پەرۋاسىز كۆرسىتىپ: «ئەپەندى، بوشراق قايرىڭ، ئاغرىپ كەتتى ......» دېدى. شياۋ خۇاڭ ئاستىدىكى ئادەمنىڭ سول يۈزىنى سىلاپ بېقىپ ئۇنىڭ يۈزىدە مەڭ بارلىقىنى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بى چېڭجېيەن ئىكەنلىكىنى بىلدى.

بى چېڭجېيەننى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، رازۋېدكىچىلار 1215 ـ نومۇرلۇق ئىشىكنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ ۋارقىراشتى: «بى چېڭجېيەن قولغا چۈشتى، تېز بۇياققا چىقىڭلار!»

بىر ئازدىن كېيىن بى چېڭجېيەننىڭ ئىككى چاپارمىنى يۇۋاشلىق بىلەن ئاستا چىقىشتى.

10 مىنۇتقا يەتمىگەن جىددىي ھەرىكەت ئارقىلىق بى چېڭجېيەن ھەمدە ۋۇجىياۋ، جۇ شىنفېي قاتارلىق بىر شايكىدىكى ئالتە ئادەم بىراقلا قولغا چۈشتى.

IX

بى چېڭجېيەن 1979 ـ يىلى گۇاڭجۇدىن ئوغرىلىقچە شياڭگاڭغا ئۆتكەن، 1996 ـ يىلى يەنە ئاۋمېنغا بېرىۋالغان. بۇ يەردە ئۇ قارا جەمئىيەت ئۈچۈن جان تىكىپ يۈرۈپ بىرنەچچە يىلدا ئىسمى پۇختىلىنىۋالغاندىن كېيىن، قارا گۇرۇھنىڭ «ھەرىكەت گۇرۇپپا باشلىقى» بولۇپ قالغان، شۇنىڭدىن باشلاپ خاۋجياڭدا داڭلىق مالىمانچىلىقتىن يەنە بىرى كۆپەيگەن.

بى چېڭجېيەن تېخىمۇ چوڭ جىنايى پىلانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قولايلىق بولۇش، خاۋجياڭ زومىگەرى بولۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1997 ـ يىلدىن 1999 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىچكىرىگە كۆپ قېتىم بېرىپ قورال سېتىۋالغان. بى چېڭجېيەننىڭ دېلو سادىر قىلغۇچى شايكىسىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇ ئىچكىرىگە بارغاندا، ئاۋمېنغا قانۇنسىز ئۆتۈشكە ياردەم قىلدۇرۇش ئۈچۈن سېتىۋېلىنغان ئاتارمەن ـ چاپارمەنلەر ئىدى.

ئۇلار ھەر قېتىم ئارقىسىغا چۈشكەن ئادەمنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى مەخپىي كۆزەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئاۋمېندا دېلو سادىر قىلاتتى. دېلو سادىر قىلىپ بولۇپ، ئىچكىرىگە بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالاتتى. ۋەزىيەت تىنچىغاندىن كېيىن، يەنە بىر جىنايى پىلاننى ئورۇندايتتى. ھەر قېتىم دېلو يۈز بەرگەن نەق مەيداندا بى چېڭجېيەن كۆرۈنمەيتتى، ئۇ يانفون بىلەن قوماندانلىق قىلاتتى، بۇلاڭچىلىق ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن بولسا ھارام مالنى بۆلۈشۈشكە باشچى بولاتتى ھەمدە ھارام مالنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يوشۇرۇپ قوياتتى.

بىرنەچچە يىل ئىچىدە بى تەرەپ ـ تەرەپتە بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قىلىپ يۈرۈپ نۇرغۇن بايلىق توپلىغان، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «ئازادە تۇرمۇش كەچۈرۈش» تەلىپىنى قاندۇرغان، ئۇنىڭ بىرقانچە جايدا ھەشەمەتلىك تۇرالغۇسى ۋە نۇرغۇن ئاشنىلىرى بار ئىدى. ئۇ شوخۇا بىلەن رەسمىي توي قىلىپ بىر قىزلىق بولغاندىن

باشقا، شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېندا بىر نەچچە ئاشنىسى بولۇپ، ئۇلاردىن بىر ئوغۇل، بىر قىزى بار.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى نامايان قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپىغا قىمارۋازلارنى، پاھىشىلەرنى، قوراللىق بۇلاڭچىلارنى، قاتىل - قاراقچىلارنى توپلىغان، قورال ساقلاپ قىلمىغان ئىسكىلىكى قالمىغان بولۇپ، گۇاڭدۇڭ - ئاۋمېن جەمئىيىتىنىڭ ئامانلىقىغا تەھدىت سېلىۋاتقان بىر «زەھەرلىك ئۆسمە» ئىدى.

1994 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يې چېڭجيەن گۇاڭجۇدىن جۇخەيگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئاۋمېن قارا جەمئىيەت ئەزاسى خې نەننەن بىلەن ئۇچرىشىپ، تەيۋەنلىك سودىگەرنى قاقتى - سوقتى قىلىش ئىشىنى مەسلىھەتلەشكەن. ئۇلار تىجارەت توغرىلىق مەسلىھەتلىشىمىز دېگەن نام بىلەن تەيۋەنلىك سودىگەر بو × × ، ۋۇ × ×لەرنى ئالداپ جۇخەيگە ئېلىپ بارغان.

خې نەننەن بو × ×نى ئۆيىگە باشلاپ كىرگەندە يې چېڭجيەن قاتارلىقلار قارتا ئويناشقا بىر ئادەم كەم دەپ ساقلاپ ئولتۇرغانىدى. بو × ×ئاللىقاچان خالتىغا چۈشۈپ، يې چېڭجيەن بىلەن خې نەننەنگە 10 مىليون يۈەن تەيۋەن پۇلى (3 مىليون شياڭگاڭ پۇلىغا تەڭ كېلىدۇ) ئۇتتۇرۇۋەتكەن، ئاندىن كېيىن يې چېڭجيەن قاتارلىقلار مەيخانىدا ساقلاپ ئولتۇرغان ۋۇ × ×نى ئۇ يەرگە ئالداپ چىقىپ، بو × ×بىلەن ئىككىسىنى زەنجىردە باغلاپ قويۇپ، ئۇلارنى تېلېفوندا ئائىلىسىدىكىلەرگە 3 مىليون شياڭگاڭ پۇلىنى شياڭگاڭغا پېرېۋوت قىلىڭلار دېگۈزمەكچى بولغان. كېيىن ئەھۋال پاش بولۇپ قېلىپ، مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغان. جۇخەي ساقچى تەرەپ شۇ ئاينىڭ 16 - كۈنى دېلودىن خەۋەر تېپىپ دەرھال ئاتلىنىپ ئىككى گۆرۈگە ئېلىنغۇچىنى قۇتقۇزۇۋالغان بولسىمۇ، يې چېڭجيەن، خې نەننەنلەر ئاۋمېنغا قېچىپ كەتكەن.

1998 - يىل 12 - ئاينىڭ بېشىدىكى مەلۇم بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 7 ئەتراپىدا، ئاۋمېندىكى مەلۇم سودا سارىيىنىڭ 11 - نومۇرلۇق پەشتاختىسىدا ئالاھىدە زور قوراللىق بۇلاش دېلوسى يۈز بەردى، تۆت ئايال دۇكاندارنىڭ 130 مىڭ دوللار پۇلى بۇلاپ كېتىلگەن، بۇ قېتىمقى دېلونىمۇ يې چېڭجيەن شايكىسىدىكىلەر سادىر قىلغان، دېلو سادىر قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش؛ ئالدى بىلەن دۇكاندارنىڭ ئەھۋالى ئىز قوغلاپ كۆزىتىلگەن، ئاندىن يې چېڭجيەنلەرگە مەلۇم قىلىنغان، بۇلاڭچىلىق يۈز بەرگەن.

1999 - يىل يانۋار ئېيىنىڭ بىر كۈنى، يې چېڭجيەن قاتارلىقلار بۇلاڭچىلىق قىلىش نىيىتىدە مەلۇم بىر مۇلۇك ئىگىسىنىڭ ئىزىغا چۈشكەندە، ئۇ كىشى سېزىپ قېلىپ قاچقان، يې چېڭجيەننىڭ چاپارمەنلىرى ھېلىقى ئادەمگە بەش پاي ئوق چىقارغان بولسىمۇ تەگمەي قېچىپ كەتكەن. يې چېڭجيەن بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، چاپارمەنلىرىنى يارىماسلار، دەپ قاتتىق تىللىغان. 1998 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۇ 300 مىڭ شياڭگاڭ دوللىرىلىق قانۇنسىز قورال سېتىۋالغان، بۇ 4 دانە ئاپتومات، 6 دانە تاپانچا، 4 دانە گىرانات، 20 نەچچە بولاق پارتلاتقۇچ كاپسۇل ۋە مەلۇم سانلىقتىكى ئوق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1998 - يىل 7 - ئايدىن 1999 - يىل 4 - ئايغىچە يې چېڭجيەن شايكىسىدىكى لو جاڭگۈەنگە «6.5» تىپلىق ئاپتوماتتىن 3 نى، ئوقتىن 85 پاي، 2 دانە گىرانات ئەكەلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ جۇخەيدىكى ئىجارىگە ئالغان ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويغان (بۇنى ساقچىلار تېپىپ چىقتى). 1998 - يىل 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يې چېڭجيەن جۇخەيگە سۇقۇنۇپ بېرىپ، ئىلگىرىكى لى شياڭشېڭ ئارقىلىق جۇڭگىشەندىن «4.6» تىپلىق تاپانچىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان تاپانچا ھەم 28 پاي ئوق سېتىۋېلىپ گۇاڭجۇنىڭ خۇاڭخۇا يولىدىكى تۇرالغۇسىغا (ساقچىلار تەرىپىدىن ئاختۇرۇپ تېپىلدى) يوشۇرۇپ قويغان. 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ بىر كۈنى يې چېڭجيەن مەخسۇس سۈي خۇڭشىن، لى شېڭلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن جۇخەيگە بارغان (بۇ ئىككىيلەن يې چېڭجيەن گۇيلىنغا بارغاندا باشقىلار ئارقىلىق تونۇشقان، جانبازلىقنى بىلىدىغان ئىچكىرىلىكلەر ئىدى). يې ئۇلارغا ئاۋمېنغا بېرىپ كۆزۈڭلارنى ئېچىپ كېلىڭلار دېگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى بۇلاڭچىلىققا قاتناشتۇرماقچى بولۇپ، ئۇلارغا قانۇنسىز يول بىلەن ئاۋمېنغا كىرىش گۇۋاھنامىسى بېجىرىپ بەرگەن. 4 - ئاي مەزگىلىدە يې چېڭجيەن ياڭ قاتارلىق ئالتە چاپارمەننى جۇخەيدىن ئاۋمېنغا قانۇنسىز ئۆتۈشكە تەشكىللىگەن. 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا، لياڭ × × ئىسىملىك ئايال موتسىكلىت بىلەن شياڭگاڭ - ئاۋمېن پرىستانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، يې چېڭجيەن قاتارلىقلار ئۇنى ماشىنا بىلەن سوقۇۋېتىپ، ئۇ ئېلىپ ماڭغان 140 مىڭ دوللار، 820 مىڭ يۈەن تەيۋەن پۇلى، 5 مىليون كورېيە پۇلىنى بۇلىۋالغان. «ئەقىللىق» كىشىنىڭمۇ كەتكۈزۈپ قويىدىغان چېغى بولىدۇ. بۇلاڭچىلىققا ھەمشېرىك بولغان يەن زىمىڭ، سۈي خۇڭشىنلار قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ئاۋمېن ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن يې چېڭجيەننىڭ مەغلۇبىيەت سىگنالى چېلىندى.

قارا گۇرۇھنىڭ «ھەرىكەت گۇرۇپپا باشلىقى» قولغا چۈشۈرۈلدى، گۇاڭدۇڭ، ئاۋمېن ساقچىلىرى ئاۋمېننىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشىگە قىممەتلىك سوۋغات تەييارلىدى.

يې چېڭجيەننىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىشقا يەنە بىر مەزگىل ۋاقىت كېتىدۇ، بۇ گۇاڭدۇڭ، ئاۋمېن ساقچىلىرىنىڭ تېخىمۇ زىچ ماسلىشىشىغا مۇھتاج.

بۇنداق ھەمكارلىق باشلىنىپ بولدى.

ئابدۇلىم ئابدۇرېھىم (ت)





## ئىمىن ئېلى (تەكلىپلىك تەرجىمان)

ئىمىن ئېلى 1970 - يىل شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتوتىنى پۈتتۈرگەن. 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇغان، خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان ھەردەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلغان. ھازىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى پىلانلاش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ تەخمىنەن 1 مىليون خەتلىك ھەرخىل ژانىردىكى تەرجىمە ئەسىرى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىدى.

# بىمارلار ئۈچۈن خۇشخەۋەر

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تېخنىكا يېتەكلەش ئورنى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان كۆپىيىش سىستېمىسى ۋە جىنسىيەتكە دائىر تەتقىقات، داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدە نوپۇزلۇق ئورگان بولۇپ قالدى. بۇ ئورۇن تەسىس قىلغان «بوغدا» ئامبولاتورىيىسى تەجرىبىلىك دوختۇر ئەركىن ھاشىمنىڭ باشچىلىقىدا ئەر - ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرەلمەسلىك، جىنسىي ئىقتىدار ئاجىزلىقى، مەزىي بېزى يالLۇغى، ھەر خىل ئاياللار كېسەللىكلىرى، سۆزنەك، سىبلىس ۋە باشقا يۇقۇملۇق جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئامبولاتورىيىمىز يەنە ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دورا بىلەن ھامىلە چۈشۈرۈش، خەتنە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

«بوغدا» ئامبولاتورىيىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئاقسۇ شەھىرىدە ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى، داۋالاش تېخنىكىسى تولۇق، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن داۋالاش ئورنى قۇردى.

بۇ ئىككى ئامبولاتورىيە بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى، تېلېفون، خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. بىمارلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قەتئىي ساقلايدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ كېسەل كۆرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى غالىبىيەت يولى 193 - نومۇر (يەنى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئەسلىدىكى خىزمەت بىناسىدا. 1، 101، 104، 16 - يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ يەنئەن يولى بېكىتىدە چۈشسىڭىز بولىدۇ)

تېلېفون نومۇرى: 2850555 (0991)

ئالاقىلەشكۈچىلەر: ئەركىن دوختۇر، ئەنۇەر دوختۇر، سارەم دوختۇر

ئاقسۇدىكى داۋالاش ئورنىنىڭ ئادرېسى: ئاقسۇ شەھىرى قىزىل كۆۋرۈكتىكى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى 3 - قەۋەت.

تېلېفون نومۇرى: 2137277 (0997)

قەشقەر شەھىرىدىكى داۋالاش ئورنىنىڭ ئادرېسى: شىمالىي ئازادلىق يولى 258 - نومۇر (ۋىلايەتلىك ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسىنىڭ 5 - قەۋىتىدە)

تېلېفون: 2828396 (0998)

ئالاقىلەشكۈچى: ئەركىن دوختۇر، ئەنۋەر دوختۇر، ھەمراجان دوختۇر، قەھرىمان قاتارلىق دوختۇرلار.



# ئالداش بايرىمىدا ئالدىنىش

(تېپىشماقلىق ھېكايە)

جېك بۇ قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن ھالدا تۇمن ۋۇلاڭنىڭ رازۋېدكا ئورنىغا كىرىپ كەلدى.

-ھەي جېك بۇ، نېمە بولدۇڭ؟ساپېيىپلا قاپسىنغۇ! بۇ قېتىمقى ئاختۇرۇشتا يەنە بىرەر ئاۋارىچىلىققا بولۇقتۇڭمۇ - نېمە؟

تۇمن ۋۇلاڭ چاخچاق ئارىلاش سورىدى.

- ئەمەلىيەتتىمغۇ كىچىككىنە بىر ئالدامچىلىق دېلوسى شۇ! - دېدى جېك بۇ ئاچچىق كۈلۈپ،

-سىلەمەك بىر قابىل ساقچىنىڭ قولىدىكى پۇلنى ئالداپ كەتكەن ئادەمنى سەل چاغلىمىساق بولغىدەك ئەمەسـ! بۇ زادى قانداق ئىش؟

- ئىلگىرى مېنىڭ قولۇمدا تۇتۇلۇپ سوتقا تارتىلغان بىر ئەبلەخ بىلەن ئۆتكەن ھەپتە تاسادىپىي چايخانىدا ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ تېخى يېقىندىلا تۈرمىدىن چىققانلىقىنى، خىزمەت تاپالماي بېشى قېتىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ، مەندىن بىر ھەپتىلىك مۆھلەت بىلەن 20 مىڭ يۈەن سورىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا 20 مىڭ يۈەن بېرىپ تۇردۇم. ئۇ مېنىڭ ئىسمىم كارتوچكامنىڭ كەينى تەرىپىگە «20 مىڭ يۈەن قەرز ئالدىم» دەپ ھۆججەت يېزىپ بەردى. مەن ئۇنى يانچۇقۇمغا سېلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلدىم. لېكىن بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسىم كارتوچكامنى ئېلىپ كېيىنگە قارىسام ئۆز ۋاقتىدا يېزىلغان ھېلىقى خەتلەرنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، بۇ ئىسىم كارتوچكامنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئالمىشىپ كەتكەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم.

-ھۆججەت قەلەمدە يېزىلغانمىدى؟

- شۇنداق، ئۇ ئۆزىنىڭ قەلىمىدە يازغان.

-سىياھنىڭ رەڭگىچۇ؟

-ئادەتتىكى كۆك سىياھ.

-نامغا باسقانمۇ؟

- نامغا باسماي ئىمزا قويۇپ بەرگەن، بىز چايخانىدا تاساددىپىي كۆرۈشۈپ قالغان تۇرساق، ئۇنىڭدا نامغا نېمە ئىش قىلسۇن.

تۇمن ۋۇلاڭ يانىدىكى ئىشخانا (ئىلمىي تەتقىقات تەجرىبىخانىسى)غا كىرىپ، بىردانە قەلەم ئېلىپ چىقتى. ئاندىن جېك بۇ دىن بىر دانە ئىسىم كارتوچكىسى سوراپ، كەينى تەرىپىگە «20 مىڭ يۈەن قەرز ئالدىم» دەپ يازدى. ئۇ ئىشلەتكەن قەلەمنىڭ سىياھىمۇ كۆك ئىدى. ئۇ ئىسىم كارتوچكىسىنى بىر كونۋېرتقا سېلىپ يېلىمىگەندىن كېيىن جېك بۇ غا بەردى:

-كونۋېرتنى ئاچماي تۇرۇڭ، ئوبدان ساقلاڭ.

جېك بۇ كونۋېرتنى يانچۇقىغا سېلىپ ئۆيىگە قايتتى.

5 كۈن ئۆتۈپ، تۇمن ۋۇلاڭ جېك بۇ غا تېلېفون بەردى:

-جېك بۇ، ھېلىقى كونۋېرتنى ئېچىپ، ئىسىم كارتوچكىسىنى چىقىرىپ قاراپ بېقىڭ.

-بولىدۇ، بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ ھە. كونۋېرت چاپىنىمنىڭ يانچۇقىدا ئىدى... ھەي، قىزىق ئىشقۇ، بۇنىڭدىكى خەتلەر يوق تۇرىدىغۇ!؟ تۇمن ئەپەندى ئىسىم كارتوچكامنى قاچان تېگىشىۋالدىڭىز؟

-جېك بۇ ھەيران بولۇپ ۋارقىراپ كەتتى.

-بۇ دەل سىلەمدىن پۇل قەرز ئالغان ھېلىقى ئەبلەخ قوللانغان ئۇسۇل، سىز ئۇنىڭ بىلەن چايخانىدا 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كۆرۈشكەنمىدىڭىز؟

-توغرا، 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كۆرۈشكەن.

-4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دېگەن ئالداش بايرىمى، سىز ئالداش بايرىمىدا ئالدىنىپسىز. - تۇمن ۋۇلاڭ خۇددى تېلېفون بېرىۋېتىپ جېك بۇ نىڭ پۇشايمان ئىلكىدە تېگىرقاپ قالغان تۇرقىنى كۆرىۋالغاندەك قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قېنى تېپىپ بېقىڭ، ھېلىقى ئىسىم كارتوچكىسىنىڭ كەينىگە يېزىلغان خەتلەر زادى قانداق قىسىپ غايىپ بولۇپ كەتتى؟

(جاۋابى كېيىنكى ساندا)

قاھار ئۇسمان (ت)







سەھىپىمىزگە ئىشتىراك قىلىڭ، ئىزدىنىپ كۆرۈڭ

FAZHIZONGHENG

## 50 يىلدا 60 مىليون ئادەم تاماكا چېكىش سەۋەبىدىن ئۆلگەن

ۋېنگرىيە «خەلق ئەركىنلىكى» گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، تاماكا نۆۋەتتە ئۆلۈشنى ئەڭ كۆپ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قاتىل بولۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە تاماكا چېكىدىغانلار تاماكا چەكمەيدىغانلاردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 يىل بۇرۇن ئۆلۈدىكەن. خەۋەرگە قارىغاندا، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ئېلان قىلغان بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، يېقىنقى ئەسىر ئىچىدە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە تاماكا چېكىش سەۋەبىدىن ئۆلگەن ئادەم 60 مىليونغا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 45 ياشتىن 69 ياشقىچە بولغانلار 3/2 قىسمىنى ئىگىلىگەن.

## ئەرلەرنى باشقۇرىدىغان ئايال ساقچى ئەترىتى

برازىلىيىنىڭ سان پاۋلو شەھىرىدە 30 ئايال ساقچىدىن تەشكىللەنگەن بىر ئالاھىدە ئەترەت بولۇپ، ئۇلار مەخسۇس ئاياللارنى ئۇرغان ئەرلەرگە تاقابىل تۇرىدىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ شەھەردە خوتۇننى ئۇرۇش قىلمىشلىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ كەتكەچكە، ھۆكۈمەت تەرەپ بۇ تەشكىلاتنى قۇرۇپ، خوتۇنىغا يەڭگىللەك ئازار بەرگەن ئەرلەرگە 1 يىللىق، قاتتىق ئازار بەرگەن ئەرلەرگە 2 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغان. شۇڭا بۇ شەھەردىكى خوتۇننى خارلىغان خېلى كۆپ ئەرلەرنى ئايال ساقچى ئەترىتى تۇتۇپ تۈرمىگە ئاپىرىپ بەرگەن.

## ۋېيتنام مۈشۈك يېيىشنى چەكلىگەن

ۋېيتنامدا مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى ئىستېمال قىلىش ئادىتى بارغانسېرى ئەدەپ كەتكەنلىكتىن، چاشقاننىڭ رەقىبى بولغان مۈشۈك ئازلىماقتا ئىكەن. ئۆتكەن يىل مېيكوڭ دەرياسىغا كەلكۈن كەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق چاشقانلار ئاپەتكە ئايلانغان. چاشقان يىلدا ۋېيتنامنىڭ نەچچە مىليون يۈەنلىك ئاشلىقىغا زىيان سالىدىكەن. ۋېيتنام ھۆكۈمىتى يېقىندا مۈشۈكنى ئىستېمال قىلىشنى چەكلەش بىلەن بىرگە، مۈشۈك، يىلان قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلىشنى توختاتقان ھەم كىشىلەرنى مۈشۈك بېقىشقا ئىلھاملاندۇرغان.

«تەرمىلەر» دىن

## كەچۈرۈم سوراش ئېلانى

ئۇرمە قاماقخانىلىرىنىڭ قىستاڭچىلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ ئوراگان شتاتىدىكى بىر شەھەردە مۇنداق بىر سىياسەت يولغا قويۇلغان:

«جىنايەتچىلەر ئەگەر شۇ يەرنىڭ گېزىتىگە «كەچۈرۈم سوراش ئېلانى» چىقىرالىسا، كېيىنكى بېرىشكە بولىدۇ». شۇنىڭ بىلەن، كېيىنكى بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغان جىنايەتچىلەر شۇ يەرنىڭ گېزىتىگە ئۆزىنىڭ باش سۈرىتى ۋە «مەن جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ھەققىنىمىز بۇزۇشايمانىنى ئالىدىغان ئاچا ئابالماي قالدىم» دېگەندەك جىنايەتكە پۇشايمان قىلىدىغان مەزمۇندىكى خەتلەرنى باستۇرىدۇ. ئېلان ھەققىنى جىنايەتچى ئۆزى تۆلەيدۇ. بىراق ئەھۋالى ئېغىر بولغان جىنايەتچىلەر بۇ خىل «مۇئامىلە» دىن بەھرىمان بولالمايدۇ.

(«قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 1998 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈندىكى سانىدىن)

## بروۋنلىق كىرا ماشىنىسى

مېكسىكىنىڭ شىمالىدىكى چىۋاۋا شەھىرىدە زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىنىڭ تېررورلۇق دېلوسى ئەۋج ئالغاچقا، شەھەر ئىچىدىكى كىرا ماشىنا شوپۇرلىرى ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئويلاپ، كىرا ماشىنىلىرىنى «بروۋنلىق كىرا ماشىنىسى» غا ئۆزگەرتكەن. بۇنداق بېزەلگەن كىرا ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇر ئورۇنلۇقىغا «بىخەتەرلىك نىقابى» ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاپانچا ئوقىدىن مۇداپىئەلىنىدۇ، ماشىنا تېشى ئوقتىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئەينەك پولات بىلەن ئورالغان.

(«قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 1998 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈندىكى سانىدىن)

## ياپونىيىدە ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى ئېغىرلاشقان

ئۆتكەن يىل يانۋاردىن ئىيۇنغىچە، ياپونىيىدە ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە قەبىھلىك بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلىش قاتارلىق يامان خاراكتېرلىك جىنايەت دېلولىرى روشەن كۆپەيگەن. ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى 20 % كە يەتكەن. بۇ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھادىسىسىنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھازىرقى زامان «دۇنيا ساقچىلىرى» ژۇرنىلىدىن.



FAZHIZONGCHENG

## سول قۇلىقى گاس

بىر ساقچى دېسلېپكى قېتىمدا تەكشۈرۈپ كۆرگەنلىن كېيىن، بىر ئايالنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

ـ بۈگۈن ئەتىگەندە بىر ئەر كىشى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، ئۇ سىزنىڭ ئېرىڭىز بولۇشى مۇمكىن، سىزدىن سوراپ باقاي، ئېرىڭىزنىڭ پەرق ئەتكىدەك قانداق بەلگىسى بار ئىدى؟ دەپ سورىغانىكەن، ئايال بىر پەس ئويلانغانلىن كېيىن:

ساقچى ئەپەندىم، ئېرىمنىڭ سول قۇلىقى گاس ئىدى، ـدەپتۇ.



ئايالى : ئەزىمىدىن كۆڭلىڭىز باشقا يەردە

## ئاپتاپتا قارىداش

سەن ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ يېتەلمەيسەن، خوتۇنۇمنىڭ جاۋۇلداشلىرى شۇ دەرىجىگە يېرىپ يەتتىكى، كۈنبويى جاۋۇلداپ ئاغزى يېپىلمايدىغان بولۇپ كەتتى. بۇلتۇر ئۇ دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ يېرىم ئاي داۋالىنىپ كەلگەندى، قايتىپ كەلگەندە قانداق بولۇپ كېتىپتۇ دېمەمسەن، ھەتتا ئۇنىڭ چىشلىرىمۇ ئاپتاپتا قارىداپ كېتىپتۇ.

## ئارام ئېلىش

خوتۇنى: مەن ئۆلۈپ كەتسەم، سىز يەنە خوتۇن ئالامسىز؟

ئېرى: تۇۋا دەڭە، مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، ھېچ بولمىغاندىمۇ ئوبدانراق ئارام ئېلىۋالمىسام بولمايدۇ.

## ئائىلە باشلىقى

مۇئەللىم دەرسخانىدا:

ـ ئەگەر سىلەر ياخشى ئوقۇمايدىغان بولساڭلار، بۆلۈم باشلىقى، ئىدارە باشلىقى، دىرېكتور بولالمايسىلەر، ـ دېگەنىكەن، قايسى بىرى غوتۇلداپ:

ئائىلە باشلىقى بولالايمىز، ـدەپتۇ.

## ئىمتىھاندا

ئا: ئاۋۇ قىزچاق ئىمتىھاندا ساختىپەزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، سىنىپتىن ھەيدەپ چىقىرىلدى.

ب: نېمە ئىش بولغانىدى؟

ئا: بىئولوگىيە ئىمتىھانىدا، قوۋۇرغىسىنى ساناۋاتقانلىقىنى مۇئەللىم كۆرۈپ قاپتۇ.



## تۆت بولۇپ قالار

سوت ئۈچ بالىلىق بىر ئەر ـ خوتۇننىڭ نىكاھىنى ئاجرىتىش دېلوسىغا قاراپ چىقىۋاتقاندا، ئۇلار ئۈچ بالا ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ قاپتۇ. خوتۇنى:

ـ بالىنىڭ ئىككىسىنى مەن ئالىمەن، ـ دەپتۇ. ئېرى:

ـبولمايدۇ، ئىككىسىنى مەن ئالىمەن، ـ دەپتۇ.

ئۇلار مانا مۇشۇنداق تالاش ـتارتىش قىلىشىپ، بىر سائەتكە يېقىن ئۇرۇشۇپتۇ، ئاخىرى ئاۋۇال خوتۇنى بوش قويۇپ:

ـ بوپتۇ، بىز قايتىپ كېتىپ كېلەر يىلى يەنە كېلەيلى، شۇ چاغدا بالىمىزمۇ تۆت بولۇپ قالار، ـ دەپتۇ.







ئۈچىنچى شەخس



## يولداش مۇھەررىر:

مەن بىر ئوقۇغۇچى، «ئامانلىق» ژۇرنىلىنىڭ ئاكتىپ ئوقۇرمىنى ژۇرنال نۆۋەتتە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرىنى چىقىش قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنى نادىر ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىمەكتە. مېنىڭچە بۇ نىڭدىن كېيىنكى سەھىپىلەردە بالىلار توغرىلىق يېزىلغان ماقالىلارنىمۇ ئويۇشتۇرساڭلار، ماقالىلارغا بېرىلىۋاتقان تەگلىك بەك قارا بولۇپ ئۈستىدىكى خەتنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ، بەت ئورۇنلاشتۇرۇش، لايىھىلەش، سەھىپىلەرنىڭ رەڭدارلىقى، تېخنىكىلىق ھالقىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ جەلپكارلىقنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلسە.

غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈز يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى: مېھرىبان تۇراخۇن



## كېيىنكى ساندا:

ژۇرنىلىمىزنىڭ كېيىنكى سانىدا «جازا ھۆكۈم قىلىنغان ئۈچ تۇغقان»، تەلئەت ئاتاۋۇللا يازغان «جەننەت ئىزدەپ دوزاققا كىرىپ قالغان ئەر - خوتۇن»، «قىمار دېڭىزىدا غەرق بولۇش»، «ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ كەلگەن كۆچۈك سودىسى» قاتارلىق بىر قەدەر ياخشى يېزىلغان ئەدەبىي ئاخباراتلار ھوزۇرۇڭلاردا بولىدۇ.

ئاپتورلار ئەسەرلىرىنى بىرلا مەتبۇئاتقا ئەۋەتىشى كېرەك، ئەگەر بىز ئېلان قىلماي تۇرۇپ باشقا مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنسا ماقالا بىردەك ئىشلىتىلمەيدۇ.



## ژۇرنىلىمىزنى باھالاپ كۆرۈڭ

| ئىسىم فامىلىسى | | كەسپى | | ئادرېسى | | پوچتا نومۇرى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|

| | |
|---|---|
| سىز بۇ سانىمىزدا ئەڭ ياقتۇرغان ماقالە قايسى؟ | |
| مۇقاۋا، بەت ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولغان باھايىڭىز؟ | |
| بۇ ساندا بايقىغان خاتالىقلار قايسىلار؟ | |

**ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە.**



# خەلق ساقچىلىرىنىڭ يېڭى فورما نۇسخىلىرى



ئاياللارچە كۈزلۈك فورمىسى



ئەرلەرچە ئۇزۇن يەڭلىك يازلىق فورمىسى



ئاياللارچە ئۇزۇن يەڭلىك يازلىق فورمىسى



ئەرلەرچە كۈزلۈك فورمىسى



يۇقىرى دەرىجىلىك ساق
چى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئە.
رلەرچە كۈزلۈك فورمىسى



يۇقىرى دەرىجىلىك ساقچى ئـ
مەلدارلىرىنىڭ ئاياللارچە كـۈزلـۈ
فورمىسى

1 ـ دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى پاگونى

2 ـ دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى پاگونى

3 ـ دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى پاگونى

1 ـ دەرىجىلىك ساقچى پاگونى

2 ـ دەرىجىلىك ساقچى پاگونى

پراكتىكانت ساقچى پاگونى

ساقچى كۇرسانتلار پاگونى



1 ـ دەرىجىلىك نازارەتچى ساقچى پاگونى

2 ـ دەرىجىلىك نازارەتچى ساقچى پاگونى

3 ـ دەرىجىلىك نازارەتچى ساقچى پاگونى

1 ـ دەرىجىلىك بېنەكچى ساقچى پاگونى

2 ـ دەرىجىلىك بېنەكچى ساقچى پاگونى

3 ـ دەرىجىلىك بېنەكچى ساقچى پاگونى



ئۇنۋان بەلگىسى




سول بەلگ بەلگىسى

# خەلق ساقچىلىرىنىڭ يېڭى فورما نۇسخىلىرى



ئەرمچە بوغما چاپان



ئايالچە بوغما چاپان



ئەرمچە قىسقا يەڭلىك يازلىق فورمىسى

يېقىندا ج خ مىنىستىرلىقى، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ قارار قىلىشى ۋە گوۋيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن خەلق ساقچىلىرىنىڭ يېڭى فورمىسىنى سىناق قىلىپ كىيىشنى يولغا قويدى. ساقچى فورمىسىنىڭ رەڭگى خەلقئارا ساقچى فورما رەڭگىگە ئوخشاش بولۇپ قارا كۆك رەڭدە، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك كادىر - ساقچىلىرىنىڭ كۆينىكىنىڭ رەڭگى كۈلرەڭ؛ ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك قاتناش ساقچىلىرىنىڭ كۆينىكىنىڭ رەڭگى ھاۋارەڭ؛ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر - ساقچىلارنىڭ كۆينىكىنىڭ رەڭگى ئاق رەڭدە؛ چېگرا مۇداپىئە، ئوت ئۆچۈرۈش، مۇھاپىزەتچى قاتارلىق مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ساقچى تۈرلىرىنىڭ فورمىسىنىڭ رەڭگى يېشىل كۆك؛

بۇ ساقچى فورمىلىرى ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ دالىيەن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدا سىناق قىلىنىشقا باشلانغان. 2000 - يىل مەملىكەت بويىچە فورما ئالماشتۇرۇشقا باشلاپ 2001 - يىل پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتۇرۇپ بولىدۇ.



ئايالچە قىسقا يەڭلىك يازلىق فورمىسى




ئەرمچە كۆپ ئىقتىدارلىق فورمىسى



ئايالچە مەشىق كىيىمى



ئەرمچە مەشىق كىيىمى



ئايالچە كۆپ ئىقتىدارلىق فورمىسى

CN65-1009/ D-W
باھاسى: 4.00 يۈەن